# خاراكتېر ھەققىدە ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# خاراكتېر ھەققىدە ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئۆمەرجان نۇرى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于品行的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.7

ISBN 978-7-80744-367-4

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言—汇编—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 108091 号

| | |
|---|---|
| 书　　名 | 关于品行的格言 |
| 策　　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编　　者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>艾尔肯·买买提 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880mm×1230mm　32 开 |
| 印　　张 | 5 印张 |
| 版　　次 | 2008 年 9 月第 2 版 |
| 印　　次 | 2008 年 9 月第 1 次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-80744-367-4 |
| 定　　价 | 12.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۇنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۇشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە ـ پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۇرلۇك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۇرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۇرۇش كىتاب قىلىپ تۇزۇپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

كىم كۈچلۈك پىل بىلەن ئېلىشاي دېسە، ئاقىللار ئالدىدا ھەرگىز مەرد ئەمەس. ئەسلىنى ئالغاندا مەرد ئادەم شۇكى، ئاچچىقى كەلگەندە ناچار سۆز دېمەس.

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

مىسكىنلەرنىڭ ئۈلپەتچىلىكىدىن باش تارتىپ، ئۇلارنى پايدا بەرمەكتىن مەھرۇم قىلىش، ئالىي ھىممەت كىشىلەرنىڭ سېخىيلىقىغا مۇناسىپ ئىش ئەمەس.

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

مۇشتۇڭ بىلەن ماختىنىپ مەردلىكنى راۋا قىلمىغىن، بىر ئېغىزنى مۇشت بىلەن ئۇۋال قىلساڭ، ئەر ئەمەسسەن.

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن



ساخاۋەتلىك كىشى شىجائەتكە موھتاج ئەمەس.

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

سېخىيلارنىڭ قوللىرىدا دىرەم، باي ـ غوجاملار كۆڭلىدە ھېچ كەرەم يوق.

سەئىدى: «گۈلىستان» دىن

www.uyghurkitap.com

گەر ھەر ئىككى دۇنيادىن بەھرە ئالاي دېسەڭ، ئاللا ساڭا كەرەم قىلغانىكەن، سەنمۇ ئادەملەرگە كەرەم قىل.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

سېخىيلىك قىل ئەمما مىننەتدارلىق تەلەپ قىلما، چۈنكى، پايدىسى ئۆزۈڭگە قايتىدۇ.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

سېخىيلىك دەرىخى قايان يىلتىز سۈرسە، شاخ ۋە تاجى پەلەكتىن بەلەن ئۆسەر. ئەگەر ئۇنىڭ مېۋىسىنى يەي دېسەڭ، تېگىنى مىننەت بىلەن ھەرىدەپ كەسمە.

سەئدى: «گۈلىستان» دىن

ھامان يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، پۇتلىرىغا تىكەن كىرسە دەرھال ئال.

سەئدى: «بوستان» دىن

بىراۋغا خەير بەرسەڭ غۇرۇرلانما. مەن ئۇلۇغ دەپ ھەرگىز مىننەتتە بولما. ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە ئىشلەپ تاپقىن، پەقەت مېھنەتتە قەدرىڭ يۈكسەك بولار. 2

سەئدى: «بوستان» دىن

ياخشىغىمۇ، يامانغىمۇ ئېھسان قىل. بەرمىگەندىن بەرگىنىڭ

ياخشىراقتۇر.

سەئدى: «بوستان» دىن

بىراۋ سەندىن كۆرە ئاجىزراق بولسا، بىراۋ سەندىن كۆرە پالۋان بولۇر. ۋەھشىيلەرنى ئوۋلاش ئۈچۈن كۈچ كېرەك بولغىنىدەك، كۆڭۈللەرنى ئوۋلاشقا ئېھسان كېرەك.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئېھساننىڭ زەنجىرىنى تىغ كېسەلمەس. ياۋ بويننى باغلاشقا ھەرىكەت قىلغىن.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئېھسان قىلساڭ ۋەھشىي پىلمۇ كۆنۈكۈپ، مۇلايىم ئىگە-سىگە بويسۇنىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئاقىل كىشى ھامان ھىممەتلىك بولۇر، بېخىل ئادەم كۆل-پەتلىك كۈن ئۆتكۈزەر.



سەئدى: «بوستان» دىن

مەرد كىشى ئېھسان بىلەن يۈز تاپىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

سېخىي، مەردنىڭ قولىدا زەر تۇرامدۇ. ئىنسان زەرنى خەجلەش

ئۇچۇن يىغىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئالتۇنى بار بېخىل باي مىسالى، ئالتۇنلارنى بېسىپ ياتقان چوڭ يىلاندۇر.

سەئدى: «بوستان» دىن

بېخىل ئادەم يىلاندەك تىترەيدۇ. ئالتۇن بولسا ئۇزاق يىللار ساقلىنىدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

قۇرتلارغا يەم بولۇشتىن ئىلگىرى، چۈمۈلىدەك توشۇپ توپلا ھەم يىگىن.

سەئدى: «بوستان» دىن

ئىلتىپاتنى، ئېھساننى ياخشى دېدۇق، بىراق ئۇچرىغاننى خۇش قىلىۋەرمە.

سەئدى: «بوستان» دىن

كىم ئاجىزلارغا مېھرىبانلىق قىلسا، ئۇنى ئۇلۇغلاپ ھۆرمەت ئىزھار قىل.

سەئدى: «بوستان» دىن

باتۇرلار ياۋغا ئەسىر بولۇپ قالسا، ئامال قىلىپ ئۆز جېنىنى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ساقلايدۇ.

سەئدى: «بوستان» دىن

قىلىچۋازلىق مەردلىك ئەمەس، مەرد ئىمكان بولسا زالىملىق قىلماس.

سەئدى: «مۇفرەدات» دىن

مەردلىك ۋە بەرنالىق قايدا ھەي ئىنسان، نەپسىنى مەغلۇپ ئېتەلىسە مەردتۇر.

سەئدى: «مۇفرەدات» دىن

كۆڭۈلدە ھېچقانداق ئارىلىق مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت ئۇنتۇش ئىچىدىلا بىر چوڭقۇر ھاڭ بار، ئۇنىڭ قاش ـ قىرغىقىغا ئۇنتۇغۇ-چىلارنىڭ ئاۋازى ۋە كۆز نۇرى يەتمەيدۇ.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

ئەگەر سىز بىرلا ۋاقىتتا قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى بىلەن ئاسمانىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ئوخشاش بىر مېلودىيىنى — تاش بىلەن يۇلتۇزلار بىرلىكتە ۋايىغا يەتكەن ئاھاڭ ۋە ئاۋازدا ئورتاق ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسىز.

جىبران: «دانىشمەن بېغى» دىن

روھىي ئويغىنىشنىڭ بولۇشى — ئادەمنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسى،

www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا ياشاشنىڭ مەقسىتى.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بەلكىم ۋاقىتلىق ھادىسىدۇر، ئەمما، ئەبەدىيلىك قانۇنىيەت بولسا، ھەرخىل ھادىسىلەرنى مۇتلەق ماھىيەتلىك نەرسىلەرگە ئايلىنىشنىڭ پەلەمپىيىگە يېتەكلەيدۇ.

جىبران: «بوران ناخشىسى» دىن

سەن بىرلا يۇمشاق كۆڭۈلگە رازىمۇسەن؟ ئۇ بوران ـ چاپقۇندا داۋالغۇيدۇ، ئەمما سۇنمايدۇ؛ ئۇ شامالدا يەلپۈنىدۇ، ئەمما قومۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ. سەن مېنىڭ كىشىنى قۇلمۇ قىلمايدىغان، ئۆزىمۇ قۇل بولمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىشىمنى خالامسەن؟!

جىبران: «ئىلاھە» دىن

مانا بۇ مېنىڭ قولۇم، سەن يۇمران، ئاپئاق قوللىرىڭ بىلەن ئۇنى ئاستا سىلىكىگىن! مانا بۇ مېنىڭ جىسمىم، ئۇنى ئىللىق قۇچاقلىرىڭ بىلەن قۇچاقلىغىن! مانا بۇ مېنىڭ لەۋلىرىم، قانغۇدەك سۆيگىن، ئۇزاقراق سۆيگىن، ئەمما گەپ ـ سۆز قىلمىغىن.

جىبران: «ئىلاھە» دىن

جىم بول يۈرىكىم، ھاۋا سېنىڭ نەپەسلىرىڭنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ سېسىق پۇراقلارغا تولۇپ بىتاب بولغان.

جىبران: «تاك ئالدىدا» دىن

مەن ئۆز روھىمغا يەتتە قېتىم نەپرەتلەنگەندىم:

بىرىنچى قېتىم، ئۇ يۇقىرىغا ئۆرلەشنى ئۆتۈنۈۋاتقاندا؛
ئىككىنچى قېتىم، ئۇ توكۇر ئالدىدا ئاقساپ ماڭغاندا؛
ئۈچىنچى قېتىم، ئۇ جاپا ۋە ئاسانلىق ئالدىدا ئاسانلىقنى تال-لىغاندا؛
تۆتىنچى قېتىم، ئۇ خاتالىشىپ، ئۆزىگە باشقىلارمۇ خاتالى-شىپ قالىدۇ، دەپ تەسەللى بەرگەندە؛
بەشىنچى قېتىم، ئاجىزلىقتا باش ئېگىپ، ئۇنى قەيسەرلىك دەۋالغاندا؛
ئالتىنچى قېتىم، ئۇ بىر سەت چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆ-زىنىڭ نىقابلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەي نەپرەتلەنگەندە؛
يەتتىنچى قېتىم، ئۇ بىر مەدھىيە ناخشىسىنى ئوقۇپ، بۇنى بىر ئېسىل ئەخلاق دەپ ئىشەنگەندە.

جىبران: «قۇم ۋە بۇژغۇن» دىن

بەدەننىڭ پاسكىنىلىقى پاك قەلبكە داغ چۈشۈرەلمەيدۇ، قار دۆۋىلىرى هايات ئۇرۇقىنى تونچۇقتۇرالمايدۇ. هايات بىر غەم - ئەندىشە خامىنى، بۇيۇك بىر قەلب ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى تەقدىم ئېتىشتىن ئاۋۋال ئاشۇ هايات خامىنىدا پايخان قىلىنىدۇ. ئەمما، خامانىنىڭ سىرتىدا قالغان دانلار تولىمۇ زەبۇن هالغا چۈشۈپ قا-لىدۇ. ئۇ دانلارنى يا چۈمۈلە ئەكېتىدۇ، يا ئۇچار قۇشلار يەپ كېتىدۇ، ئېتىزلارنىڭ خوجايىنى بولغان دېهقانلارنىڭ ئامبارلىرىغا كىرەلمەيدۇ.

جىبران: «بەننىلىك مارتا» دىن

ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى سىرلىق ھېسسىيات بويىچە ياشايدىغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، بۇنداق ھېسسىياتنىڭ خۇدانىڭ ئىنسانلار ئۇچۇن تۇزۇپ بەرگەن قانۇنىنىڭ كۆلەڭگىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەرمۇ ناھايىتى كۆپ. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈنلىرىدىن بىرئازمۇ شادلىق ھېس قىلمايدۇ، بەلكى ھەسرەت ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئادەمنى ھاياتتىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان، ھەسرەتلەندۈرىدىغان ۋە كۈلپەت تارتقۇزىدىغان بۇنداق ھېسسىيات ساختا ھېسسىياتتۇر.

جىبران: «مۇرتەت خېلىل» دىن

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، كىشىلەر بىزار بولىدىغان نەرسىلەرنى سۆيۈشنى، كىشىلەر ئۆچمەنلىك قىلغان كىشىنى سەمىمىي ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەتتى. ئۇ ماڭا سۆيگۈنىڭ سۆيگۈچىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولماستىن، بەلكى سۆيۈلگۈچىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى مۇھەببەت مەن ئۇچۇن يېقىن تۇرغان ئىككى تۈۋرۈككە چىڭ تارتىپ باغلىغان بىر تال ئىنچىكە يىپ ئىدى. بىراق، ئەمدىلىكتە مۇھەببەت باشلىنىشىنىڭ ئۆزى ئاياغلىشىش، ئاياغلىشىشنىڭ ئۆزى باشلىنىش بولغان بىر نۇر چەمبىرىكىگە ئايلاندى. ئۇ مەۋجۇت بولغان ھەممە نەرسىلەرنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىدۇ ھەمدە ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىپ، پەيدا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ھەممە شەيئىلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

جىبران:«قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن



www.uyghurkitap.com

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، شەكلى، رەڭگى ۋە تاشقى كۆ-
رۈنۈشى يېپيېڭى گۈزەللىكنى كۆرۈشنى، كىشىلەر كۆرۈمسىز
دەپ قارىغان نەرسىلەرنى تا گۈزەل نەرسىلەرگە ئايلانغانغا قەدەر
سىنچىلاپ كۆزىتىشنى ئۆگەتتى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن
ئىلگىرى مەن كۆرگەن گۈزەللىك موردىدىن چىققان ئىس - تۈتەك-
لەرئارىسىدا تىترەپ تۇرغان ئوت يالقۇنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس
ئىدى. لېكىن، ئەمدىلىكتە ئىس - تۈتەكلەر غايىب بولدى، مەن پە-
قەت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان نەرسىلەرنى كۆردۈم.
جىبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، ئېغىز ۋە كانايدىن چىقمىغان
سادانىمۇ ئاڭلاشنى ئۆگەتتى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن
ئىلگىرى مېنىڭ قۇلىقىم ئېغىر بولۇپ، پەقەت ۋاراڭ - چۇرۇڭ،
غوۋغا - چۇقانىلا ئاڭلايتتىم. لېكىن، ئەمدىلىكتە مەن جىمجىت-
لىقنىمۇ ھەمدە خور ئۆمىكىنىڭ يىللارغا ۋە كائىناتقا ئېيتىۋاتقان
مەدھىيە ناخشىسىنىمۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىلۋەتتىكى
سىرلىرىنىمۇ ئاڭلىيالايدىغان بولدۇم.
جىبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن



قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، ئېزىپ شەربەت چىقارغىلى،
قەدەھكە قۇيغىلى، قول بىلەن تۇتقىلى، لەۋگە تەگكۈزگىلى بول-
مايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشنى ئۆگەتتى.
قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى، مېنىڭ تەشنالىقىم

www.uyghurkitap.com

—مەن پۇتكۇل ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە كۆلچەكلەردىكى سۇنى قۇيۇپ ئۆچۈرۈۋالغان كۆل ئىچىدىكى بىر تال چوغ ئىدى. بىراق، ئەمدىلىكتە سېغىنىش جامىمغا، تەشنالىق ئىچىملىكىمگە، يېگانىلىك كەيپىمگە ئايلاندى. مەن ھەرگىز ئۇسسىماس بولدۇم. ئەمما، بۇ ئەبەدىلئەبەد ئۆچمەيدىغان كۆيۈش ئىچىدە مەڭگۈ يوقالماس شادلىق بار.

جىبران:«قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، قاتمىغان، ھەتتا تېخى شەكىللەنمىگەن نەرسىلەرنى تۇتۇپ سىلاشنى ئۆگەتتى. ئۇ ماڭا تۇتۇپ بېكىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ يېرىم مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ قوغلاپ تۇتماقچى بولغانلىرىمىزنىڭ قىسمەن بىز ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەن توڭلىغاندا ئىسسىقتا، ئىسسىغاندا سوغۇقتا، ئىلمان چاغدا ئىسسىق بىلەن سوغۇقنىڭ خالىغان بىرىگە قانائەت قىلاتتىم. بىراق، ئەمدىلىكتە مېنىڭ قوغلاپ تۇتۇشتا تايىنىدىغان سېزىمىم تارقىلىپ تۇمانغا ئايلاندى، ئۇلار كۆزگە كۆرۈنىدىغان بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرنى تېشىپ ئۆتۈپ، يوشۇرۇن مەۋجۇدىيەتلەر بىلەن بىرلىشىدۇ.

جىبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن



قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، گۈل ـ گىياھلار ۋە پۇراقلىق نەرسىلەردىن چىقىدىغان خۇشبۇي ھىدنى پۇراشنى ئۆگەتتى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى ھەر قېتىم خۇش پۇراقلاردىن ھوزۇر ئالاي دېگەن چېغىمدا، باغۋەن، ئەتىر ـ ئەنبەرلەرگە موھتاج

بولاتتىم. بىراق، ئەمدىلىكتە بۇرنۇمغا پارلانمايدىغان، تارقالمايدىغان خۇش پۇراقلار پۇرىدى، كۆكسۈمگە بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر گۈللۈك باغقا كىرىپ باقمىغان ھەم ئاسماندىكى ھەرقانداق بىر ھاۋا ئېقىمىغا ئارىلىشىپ قالمىغان خۇش پۇراق ۋە تىنىق تولۇپ تاشتى.

جبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، نامەلۇملۇق ۋە خېيىمخەتەرلەر چاقىرغاندا «مانا مەن» دەپ جاۋاب بېرىشنى ئۆگەتتى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەن پەقەت تونۇش ئاۋازلار چاقىر-غاندىلا ئورنۇمدىن تۇراتتىم، مېڭىپ پىشىپ كەتكەن يوللاردا ما-ڭاتتىم. بىراق، ئەمدىلىكتە مەلۇملۇق ئاللىقاچان نامەلۇملۇققا ئات-لىنىدىغان تۇلپارىمغا، ئاسانلىق مېنىڭ خەتەرلىك ئېگىز چوققى-لارغا چىقىدىغان پەلەمپەيلىرىمگە ئايلاندى.

جبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى، ئۇ ماڭا ئۆزۈمنىڭ «تۈنۈگۈن... ئىدى»، «ئەتە...بولماقچى»دېگەندەك تىل - ئىبارىلىرىم بىلەن ۋا-قىتنى ئۆلچىمەسلىكنى ئۆگەتتى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىش-تىن ئىلگىرى مەن ئۆتمۈشنى پەقەت كەلمەسكە كەتكەن زامان، كەلگۈسىنى يەتكىلى بولمايدىغان زامان دەپ چاغلايتتىم. بىراق، ئەمدىلىكتە مەن كۆزئالدىمىزدىكى بىردەقىقىنىڭ ئىچىدە بارلىق زامانلارنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا زامانلارنىڭ ئارزۇ قىلىنغان، ئىشقا ئاشۇرۇلغان ۋە ئىسپاتلانغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

جبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىيسى

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى، ئۇ ماڭا ئۆزۈمنىڭ «بۇ يەردە» ۋە «ئۇ يەردە»، «تېخىمۇ يىراق جايلاردا» دېگەندەك تىل ـ ئىبارىلىرىم بىلەن ماكاننى بۆلمەسلىكنى ئۆگەتتى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەن يەر شارىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە تۇرغىنىمدا، ئۆزۈمنى جىمى باشقا جايلاردىن يىراقمەن دەپ چاغلايتتىم. بىراق، ئەمدىلىكتە مەن ئايىغىم تەگكەن ھەرقانداق بىر جاينىڭ بارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئىزلىرىم قالغان ھەربىر بۆلەك سەپىرىمنىڭ بارلىق سەپەرلەرگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى ۋە بارلىق سەپەرلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدىم.

جىبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى، ئۇ ماڭا ئەتراپىمدىكى ئاھالىلەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا تۇنەپ، ئۇلار ئويغاق تۇرغان چاغدا ئۇخلاشنى ئۆگەتتى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەن ئۆزۈمنىڭ كارىۋىتىمدا ئۇلارنىڭ چۈشىنى كۆرەلمەيتتىم، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇيقۇسىدا مېنى تاپالمايتتى. بىراق، ئەمدىلىكتە مەن پەقەت ئۇلار ماڭا تەشنا بولغاندىلا، ئۆزۈمنىڭ چۈش دۇنياسىدا قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىمەن. ئۇلارمۇ پەقەت مەن ئۇلارنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن خۇشال بولغان چېغىمدىلا، ئۆزلىرىنىڭ چۈشىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىدۇ.

جىبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى، ئۇ ماڭا بىرەر ماختاشقا

خۇشال بولۇپ كەتمەسلىكنى، بىرەر ئەيىبلەش ئۇچۇن قايغۇرۇپ كەتمەسلىكنى ئۆگەتتى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەن ئۆز مېھنىتىمنىڭ قىممىتى ۋە سۈپەت دەرىجىسىدىن تاكى يىللار ئۇچۇن بىر ماختىغۇچى ياكى سۇندۇرغۇچى ئالدىمغا ئەۋەتىلگەنگە قەدەر گۇمانلىنىپ يۈرگەنىدىم. بىراق، ئەمدىلىكتە مەن دەل - دەرەخلەرنىڭ باھاردا چېچەكلەپ، يازدا مېۋە بېرىشىنىڭ ماختاشقا ئېرىشىشى ئۇچۇن ئەمەسلىكىنى، كۈزدە ياپراق تاشلاپ، قىشتا سولىشىپ قالسىمۇ، ئەيىبلىنىشتىن قورقمايدىغانلىقىنى بىلدىم.

جىبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى، ئۇ ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئورۇق، ئاجىز، يالاڭ تۆشلەردىن ئۈستۈن ئەمەسلىكىمنى بىلىشنى ئۆگەتتى ۋە دەلىللەپ بەردى. قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەن ئادەم ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ: بىر خىلى، ئۆزۈم ئىچ ئاغرىتقان ياكى كۆزگە ئىلمىغان ئاجىزلاردۇر؛ يەنە بىر خىلى، ئۆزۈم ئەگەشكەن ياكى ئاسىيلىق قىلغان قۇدرەتلىكلەردۇر، دەپ قارىغانىدىم. بىراق، ئەمدىلىكتە مەن ئۆزۈمنىڭ ئىنسانلار توپىنى تەشكىل تاپقۇزغان شەيئىلەردىن تۈزۈلگەن بىر يەككىلىك ئىكەنلىكىمنى، ئۆز تەركىبىمنىڭ دەل ئۇلارنىڭ تەركىبى ئىكەنلىكىنى، ئىچكى مەزمۇنىمنىڭ دەل ئۇلارنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنىڭ دەل ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۆز نىشانىمنىڭ دەل ئۇلارنىڭ نىشانى ئىكەنلىكىنى بى-

www.uyghurkitap.com

لىپ يەتتىم. ناۋادا ئۇلار گۇناھ قىلسا، ئۇنداقتا مەنمۇ گۇناھكار بولىدىغانلىقىمنى، ئۇلار ياخشى ئىش قىلسا، مەنمۇ ئېيتىخارلىنىشىم كېرەكلىكىنى، ئۇلار ئورنىدىن تۇرسا، مەنمۇ بىللە تۇرىدىغانلىقىمنى، ئۇلار ئولتۇرسا، مەنمۇ تەڭ ئولتۇرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

جىبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى، ئۇ ماڭا قولۇمدىكى چىراغنىڭ خاس ماڭىلا تەۋە ئەمەسلىكىنى، ئېيتقان ناخشىلىرىمۇ ئۆزۈمنىڭ ماتېرىياللىرىمدىن تۈزۈلگەن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇردى. ئەگەر مەن يورۇقلۇقنى ئېلىپ ماڭغان بولسام، ئۇنداقتا مېنى ھەرگىز يورۇقلۇقنىڭ ئۆزى دەپ قالماڭلار. ئەگەر مەن بىر تارىسى تەڭشەلمىگەن ساز بولغان بولسام، ئۇنداقتا مەن نەغمىچى ئەمەس.

جىبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

ئەي قېرىنداشلىرىم! ماڭا قەلبىم نەسىھەت قىلدى، مەن تەربىيىلەندىم. سىنىڭ قەلبىڭمۇ ساڭا نەسىھەت قىلغان، سېنى تەربىيىلىگەن، چۈنكى سەن بىلەن مەن ئەسلىدىنلا ئوخشىشىمىز، ئارىمىزدا ھېچقانداق پەرق يوق. پەقەت مەن ئۆزۈم توغرۇلۇق پاراڭ قىلىپ، سۆزلىرىمدە ئاز ـ تولا تالاش ـ تارتىش بولغان، سىنىڭ ئۆزۈڭنى يوشۇرۇپ يۇرۇشۇڭدىن بىر خىل گۈزەل ئەخلاق چىقىپ تۇرغان چاغ ئۇنىڭ سىرتىدا.

جىبران: «قەلبىم ماڭا نەسىھەت قىلدى» دىن

ئىنسانىيەتنىڭ ئەمگەكلىرى بىلەن شەرەپلىك مۆجىزىلەرگە تەلپۈنگەن قەلبىمىنىڭ ئەمدى ھېس قىلىۋاتقانلىرى نامراتلىق بىلەن پېقىرلارنىڭ بەختسىزلىكلىرىدۇر.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

ھېسسىياتلىق، سەزگۈر يۈرەك باراقسان شەمشاد دەرىخىگە ئوخشايدۇ. شەمشادنىڭ ئوبدان چوڭ بولۇۋاتقان بىر تال شېخى سۇنۇپ كەتسە، پۈتۈن تېنى سىرقىرايدۇ، ئەمما ئۇ ئۇنىڭلىق بىلەن قۇرۇپ كەتمەيدۇ، سۇنۇپ كەتكەن شېخىغا بېرىۋاتقان قۇۋۋەتنى يەنە بىر شېخىغا بېرىپ، سۇنغان شاختىن قالغان جاراھەت ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى تېخىمۇ باراقسان، كۆچلۈك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ كېتىدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

يۈرىكى پارە - پارە بولۇۋاتقان بىر ئادەم ئۆز تەقدىرىگە ئوخشاش تەقدىردىكى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى قانداق قىلىپ بەزلىيەلىسۇن؟! يۈرەك - باغرى ئازابتىن يۇپيۇرماقتەك تىترەپ تۇرغان بىر ئاجىزە ئۆز قىسمىتىگە ئوخشاش قىسمەت كۆرگەن قوشنىسىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىغا ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ، كەپتەر چېغىدا سۇنغان قانىتى بىلەن ئۇچالمايدىغۇ!

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

يالقۇن ئىچىدە تاۋلانغان، كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلغان يۈرەك

ھەرقانداق سەۋەنلىك ۋە نومۇسلۇق ئىشلاردىن قورقمايدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغا ئەنئەنە بەلگىلەپ بەرگەن ھەرخىل ئەمرىمەرۇپلارنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەۋلىيالارنىڭ ئالتۇن تەختلىرى ئالدىدا قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۇرالايدۇ.

جىبران: «سۇنغان قانات» تىن

قورقۇپ ئالغا باسمايدىغان روھىي كەيپىياتىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ، باتۇرلارچە ئالغا باسىدىغانلا بولساق، بىزنى بىزار قىلغان نۇرغۇن نەرسىلەر، ئەمەلىيەتتە بىزنى روھلاندۇرىدىغان، بىزگە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشقا ئايلىنىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

تەبىئەت دۇنياسىمۇ قۇرۇق كۆڭۈلنى ئوخشاشلا ئىگىلىۋالىدۇ، ئۇنىڭ تولۇقلىغۇچىسى — كەيپىيات. تەپەككۇرىمىز مۇتلەق تىنچ ھالەتتە تۇرغاندا غەمكىنلىك، ۋەھىمە، نەپرەتلىنىش، ھەسەت قىلىشقا ئوخشاش بەزى كەيپىياتلار قۇدرەتلىك كۈچ ۋە چەكسىز ھاياتىي كۈچ بىلەن زورمۇزور باستۇرۇپ كىرىدۇ. بۇنداق كەيپىيات شۇنداق زور كۈچكە ئىگىكى، ئۇ تىنچ ۋە ئازادە ئىدىيە، تۇيغۇلارنى كاللىمىزدىن پاك - پاكىز سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ تۇرمۇشتا خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىشىمىز قانداق جايدا ياشىغانلىقىمىز، قانچىلىك بايلىقىمىز بارلىقى ياكى جەمئىيەتتىكى ئور-

نىمىزنىڭ قانچىلىك يۇقىرىلىقىغا باغلىق ئەمەس، بەلكى روھىي ھالىتىمىزگىلا باغلىق. تاشقى مۇھىت ھېچقانچە چوڭ رول ئوي- نىيالمايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى دوزاخنى جەننەتكە ئايلاندۇرالايدۇ يا- كى ئۇنىڭ ئەكسىچە جەننەتنى دوزاخقا ئايلاندۇرالايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

روھ ئۇستىدىن غەلىبە قىلغانلار شەھەر ئالغانلاردىنمۇ كۈچلۈك.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بارلىق ئاغرىق روھىي ئامىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، داۋا- لاشنىڭ ئۈنۈمىمۇ خېلى زور مەنىدىن ئېيتقاندا، مەنىۋى كۈچكە باغلىق بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ھەرقانداق جىسمانىي ئازابمۇ قورقۇنچلۇق روھىي ئازابتەك چىدىغۇسىز بولمايدىكەن.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

روھىي ھالىتىمىز ھەتتا جىسمانىي كۈچىمىزگىمۇ ئىنتا- يىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

گەرچە بىز تۇيغۇمىزنى دەرھال ئۆزگەرتەلمىسەكمۇ، لېكىن ھەرىكىتىمىزنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا دەرھال بىر قارارغا كېلەلەيمىز. ھەرىكىتىمىز ئۆزگەرگەن ھامان، تۇيغۇمىزمۇ تەبىئىي ھالدا ھەرىكىتىمىزگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر بىز خۇشاللىقتىن مەھرۇم قالغان بولساق، ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى خۇشال ھەرىكەت قوللىنىپ، ھەربىر ئېغىز سۆز، ھەربىر ھەرىكىتىمىزدە خۇشاللىققا قايتا ئېرىشكەندەك قىياپىتىمىزنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

سىز روھلۇق، خۇشال قىياپەتتە تۇرغىنىڭىزدا، جىسمىڭىز ھەرقانداق قىلىپمۇ پەرىشان، غەمكىن ھالەتتە تۇرالمايدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

خۇشاللىقىمىزنى ئىپادىلەش ئارقىلىق بىر خىل بەختلىك مۇھىت يارىتىشقا چامىمىز يەتكەنىكەن، ئۆزىمىزنىڭ، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشىمىز ۋە كۆڭلىنى رەنجىتىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر باشقىلارنىڭ تەنقىدي كەيپىياتىمنى بۇزۇۋەتمىسۇن دېسىڭىز، تەنتەكلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۆز - ئۆزىڭىزنى تەنقىد قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، تاكامۇللاشقان ئادەم بولاي دېسىڭىز،

ئي. خا. لىتلېدىن ئۆگىنىپ، باشقىلارنىڭ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان، يېڭىلىق روھىغا باي پىكىرلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىڭ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئۆچمەنلىك كەيپىياتى ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكىنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھۆسنىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. بىز تونۇيدىغان بەزى ئاياللارنىڭ يۈزىدە قورۇق كۆپ، چىرايى سولغۇن بولۇشتىكى چوڭ سەۋەب، ئۇلار داۋاملىق باشقىلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەپۇ قىلىش، ۋاپا ۋە ئىناقلىقنى بىلىدىغان بولسا، دۇنيادىكى ھۆسن تۈزەش دۇكانلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تاقىلىپ كەتكەن بولاتتى.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئانىرىگ پارت مۇنداق دەيدۇ: ئۆزىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلمەيدىغان باشقىچە تەبىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر دۇنيا بويىچە ئەڭ بەختسىز كىشىلەردۇر.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



ناۋادا ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىن شارائىتىڭىزنى ياخشىلىيالماي قالسىڭىزمۇ روھىي جەھەتتىكى يۈكىڭىزنى كۆپەيتىۋالماڭ.

ناۋادا ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىن شارائىتى-

ڭىزنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىڭىز، كەيپىياتىڭىز ۋە ئىدىيىڭىزنى تېخىمۇ ئازادە تۇتۇڭ، ھېچبولمىغاندا، پۇلى يېتىشمەيدىغان ئادەم يالغۇز مەنلىمىتىم، ئۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ نېمە قىلىمەن؟ دەپ ئويلاڭ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىر ئادەمنىڭ بوغۇلۇپ ياكى غەم ـ قايغۇنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشى پەقەت روھىي جەھەتتە جىددىيلىككىلا ئېلىپ بارىدۇ. بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىپ، دەردىگە دەرمان بولۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلساق، دۇنيادا مېنىمۇ چۈشىنىدىغان، ماڭىمۇ ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم بار ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كېلىمىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

پەرىشان روھىي ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئەتىلىك پىلاننى بالدۇر تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

سىز توساتتىنلا ھېس قىلغان ئەركىنلىك خۇددى قۇشنىڭ ئۆزىنى چۈشەپ تۇرغان قەپەستىن ئۇچۇپ چىقىپ پەرۋاز قىلغىنىغا ئوخشايدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئەڭ زور توسالغۇ تەبىئىيكى، قورۇنۇش، جىسمانىي جەھەتتىلا ئەمەس، پسىخىكا جەھەتتىمۇ قورۇنۇش.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

رەسمىي سورۇنلاردا مۇكاپات قوبۇل قىلىشقا ئۇياتقا تۇرسۇن، بىرەر ماختاش سۆزىلا بىزنى ئالاھىدە روھلاندۇرىدۇ.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئومۇمەن، ھەرقانداق دەرس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بولسىلا ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ. سىزدە بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈش بولسىلا، ئۇ نەتىجىگە مۇقەررەر يېتەلەيسىز. ئەگەر روناق تېپىشنى ئويلىسىڭىز، چوقۇم روناق تاپالايسىز. ئەگەر بىلىملىك بولاي دېسىڭىز، جەزمەن بىلىملىك بولالايسىز. پەقەت شۇندىلا سىز بۇ ئىشلاردىن ھەقىقىي ئۈمىد كۈتەلەيسىز، كۆڭلىڭىز پەقەت شۇنىڭدىلا بولىدۇ. باشقا نۇرغۇن بىھۇدە ئىشلارنى زادىلا ئويلىمايدىغان بولىسىز.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئامما ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەشنى مەشىق قىلىش — ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشنىڭ داغدام يولى، چۈنكى سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ تەمتىرىمەي، باشقىلارغا يوللۇق سۆزلەيدىغانلىقىڭىزنى بايقىغاندا، باشقىلار بىلەن ئايرىم سۆزلەشكەندە، سىزدە مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ ئىشەنچ ۋە جۈرئەت بولىدۇ.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

سىزدە بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈش

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولسىلا، ئۇ نەتىجىگە مۇقەررەر يېتەلەيسىز.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

قورقۇنچ نادانلىق ۋە ئېنىق قارارغا كەلمەسلىكتىن پەيدا بولىدۇ.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

بىزدە تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئالاھىدە خىرىسلىرىغا تاقابىل تۇرالايدىغان بىر خىل تەبىئىي ئىقتىدار بار. شۇڭا، سىز تومۇر- ىڭىزنىڭ سوقۇشى، نەپەس ئېلىشىڭىز تېزلەشكەن چاغدا زادىلا جىددىيلىشىپ كەتمەڭ. سىزنىڭ جىسمىڭىز ھەرقانداق چاغدا سىرتقى تەسىردىن ھوشيار تۇرىدۇ. ئۇ شۇ تاپتا ھەرىكەتكە ئۆتكەن، ئەگەر بۇ خىل فىزىئولوگىيىلىك تەييارلىق مۇئەييەن چەكلىمە ئاستىدا ئېلىپ بېرىلسا، تېخىمۇ تېز پىكىر قىلالايسىز. تېخىمۇ راۋان سۆزلىيەلەيسىز. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئاددىي ھالەتتىكى ۋاق- تىلارغا قارىغاندا، تېخىمۇ ئېسىل نۇتۇق سۆزلىيەلەيسىز.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ قوزغايدىغان نەرسە، كىشىلەر- نىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن



دۇنيادا ئۆزىڭىزگە قىزىقىشتىن ئارتۇق قىزىقىش يوق.
دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

مەن ياخشى ئىش قىلغاندا كەيپىياتىم ياخشى، يامان ئىش

قىلغاندا كەيپىياتىم يامان بولىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ ئېتىقادىم.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

تەسەۋۋۇر قىلىش — بىز ئېھتىياجلىق نەرسە. خىيال قىلىش كېرەك، خىيال بولمىغان يەردە ئىنسانىيەتمۇ بولمايدۇ.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئەڭ ساپ خۇشاللىق بىز زوقلىنىدىغانلارنىڭ بەختىسىزلىكىدىن ئېرىشكەن دۈشمەنلەرچە خۇشاللىق ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ ساپ خۇشاللىق بىز باشقىلارنىڭ پېشكەللىكىدىن ئېرىشكەن خۇشاللىق.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ھەرقانداق ئىشنى ياخشى تەرەپكە تارتىپ ئويلا، بۇنداق ئادەت ھەرقانداق چوڭ بايلىقتىنمۇ ياخشى.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ھاياتتا ئىككىلا نىشان بولىدۇ: بىرى، ئۆزۈڭگە كېرەكلىك نەرسىنى قوغلىشىش؛ يەنە بىرى، قوغلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇش، پەقەت ئەڭ ئەقىللىق كىشىلا ئىككىنچى نىشانغا يېتەلەيدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

خۇشاللىقتىن ھەمدەم بولغاندا، قايتىدىن خۇشاللىققا ئېرىشەي دېسىڭىز، ئۆزىڭىزنى خۇشال ـ خۇرام تۇتۇشقا تىرىشىڭ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

خۇشال ـ خۇراملىق تاشقى دۇنياغا ئەمەس، ئىچكى دۇنياغا باغلىق.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ھەرقانداق ئىشتا كىشىلەرنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشى ئوخشىمايدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى ئاساسەن ئۇلارنىڭ خۇشال ئۆتۈشكە ئىرادە باغلىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، خۇش چاقچاق كىشىلەر نەگىلا بارسا، باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

كۈلۈمسىرەشنى بىلمىگەن كىشىنىڭ سودا ـ سېتىق قىلمىغىنى تۈزۈك.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ھەممىمىز غايىۋىزمچى، ھەممىمىز ئۆزىمىز قىلغان ئىش ئۈچۈن تەسىرلىك ئاساس تېپىشنى ياخشى كۆرىمىز. شۇڭا، باشقىلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭدا ئالىيجاناب

مۇددىئا پەيدا قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «گۈزەل هايات» تىن

هەر قېتىم سىرتقا چىققىنىڭىزدا، قەددىڭىزنى رۇسلاپ، ئۆ- زىڭىزنى سالماق تۇتۇڭ. دوستلىرىڭىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالسى- ڭىز، خۇش چاقچاق بولۇپ، روهلۇق كۆرۈشۈڭ، باشقىلار خاتا چۈ- شىنىپ قالارمىكىن دېمەڭ. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ رەقىبىڭىزنى ئويلىماڭ. بىرەر ئىش قىلماقچى بولغىنىڭىزدا، نىيىتىڭىزدىن يانماي، مەقسەتكە يەتكۈچە تىرىشىپ ئىشلەڭ. بارلىق زېھنىڭىز ئۆزىڭىز خۇشتار بولغان ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلانسۇن. شۇنداق قىلسىڭىز، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇددى مارجان قۇرتىنىڭ دېڭىز سۈيىدىن ئوزۇق ئالغىنىدەك، سىزمۇ تۇيمايلا ئارزۇ ـ ئۈمى- دىڭىزگە يېتىدىغان پۇرسەتكە ئىگە بولالايسىز. سىز ئىقتىدارلىق، سەمىمىي ۋە يارامىلىق كىشى بولۇشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، سىزنىڭ بۇ ئىدىيىڭىز هەر مىنۇت، هەر سېكۇنت سىزنى ئۆزگەرتىپ كۈت- كىنىڭىزدەك ئادەم بولالايسىز ...ئىدىيە — تەڭداشسىزدۇر. باتۇرانە، سەمىمىي، خۇشخۇي روهىي هالەتنى ساقلاش كېرەك. ئىدىيە— ئىجادىيەت دېمەكتۇر. هەرقانداق ئىش ئارزۇ ـ ئۈمىدتىن كېلىدۇ. راستىنى تەلەپ قىلسىڭىزلا ئارزۇيىڭىزغا يېتەلەيسىز. بىز كۆڭ- لىمىزدە قانداق كىشى بولۇشنى ئويلىغان بولساق، شۇنداق كىشى بولۇپ چىقىمىز، چىرايىڭنى ئاچ، بېشىڭنى كۆتۈر، بىز كەلگۈ- سىنىڭ پەرىشتىلىرى.

دالى كارنېگ: «جاهاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

كۈلۈمسىرەش چارچىغانلار ئۈچۈن ئارام ئېلىش، مۇڭغا پېتىپ قالغانلارغا كۈندۈز، ھەسرەت چېكىۋاتقانلار ئۈچۈن كۈن نۇرى، دەرد ئەلەملەرنى تۈگىتىشتە تەبىئەت دۇنياسىدىكى شىپالىق دورا.

ئۇنى سېتىۋالغىلى، تىلەپ تاپقىلى، ئۆتنە ئالغىلى ياكى ئوغرىلىۋالغىلى بولمايدۇ. باشقىلارغا بەخشەندە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

باشقىلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىيەلمىگەن ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرىشىگە موھتاج.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

مەيلى جەڭ ۋاقتىدا بولسۇن ياكى تىنچلىق ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، ياخشى ئوي - خىيال بىلەن يامان ئوي - خىيالنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ: ياخشى ئوي - خىيال سەۋەب ۋە نەتىجىنى ھېسابقا ئېلىپ، مەنتىقىگە تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەم ناھايىتى ئىجابىي پىلانلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ؛ يامان ئوي - خىيال بولسا، كۆپ ھاللاردا كىشىنى جىددىيلىككە ۋە مەنىۋى ھالەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىن ئارتۇقچىلىقلار» دىن

زۆرۈر بولغان ياكى ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ

گويا قىلىپ تۈگەتمىسە بولمايدىغان، ئەمما ئەبەدىي قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئىشقا ئوخشىشىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلار» دىن

ئەڭ يامان ئەھۋاللارنى قوبۇل قىلىش سىزنى مەنىۋى جەھەتتە يېڭى ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلار» دىن

جەڭ ۋاقتىدا، ھەربىي داھىيلار كەلگۈسى ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ چىقىشى، ئەمما كەلگۈسىدىن ھەرگىز غەم قىلماسلىقى كېرەك.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلار» دىن

غەم ـ قايغۇغا دۇچ كەلگەندە بىلىشكە تېگىشلىك بىرىنچى ئىش شۇكى، سىز غەم ـ قايغۇغا تۇرمۇشىڭىزدىن ئورۇن بېرىشنى خالىمىسىڭىز، ۋىلىيام ئوسلېرسىردەك قىلىشىڭىز — ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى تۆمۈر ئىشىك ئارقىلىق ئايرىپ تاشلىشىڭىز، تۇرمۇشنىڭ تامامەن تەنھا بۈگۈن ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك.



دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلار» دىن

غەم ـ قايغۇغا دۇچ كەلسىڭىز، ۋىللىي كارىلىنىڭ ھەممىگە قادىر فورمۇلاسىدىن پايدىلىنىپ، تۆۋەنكى ئۈچ ئىشنى قىلىڭ:

1. ئۆزىڭىزدىن قانداق ئەڭ يامان ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن دەپ سوراڭ.

www.uyghurkitap.com

2. ئۇ ئەھۋالنى قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، قوبۇل قىلىشقا تەييارلىنىڭ.

3. ئالدىن سالماقلىق بىلەن بىر ئامال قىلىپ، ئۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىڭ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

غەم ـ قايغۇغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمىگەن سودىگەرنىڭ ئۆمرى كوتا.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

تەشۋىشلىنىش —ئادەمنى غەم ـ قايغۇغا ئىلىپ بارىدۇ. غەم ـ قايغۇ ئادەمنى جىددىيلەشتۈرىدۇ ۋە ئاشقازان نېرۋىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، نەتىجىدە ئاشقازان سۇيۇقلۇقى نورماللىقتىن نورمالسىزلىققا ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاشقازان يارىسى پەيدا بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ئاشقازان يارىسى تاماقتىن ئەمەس، بەلكى غەم ـ قايغۇدىن پەيدا بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن



كېسەلنى كۆرسىتىمەن دەپ دوختۇر ئىزدەپ يۈرگەن يېتىمىش پىرسەنت ئادەم ۋەھىمە ۋە غەم ـ قايغۇدىن خالىي بولىدىغانلا بولسا، كېسىلى ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۇقۇشماسلىقتىن كېسەل بولۇپ قالدىم، دەپ يۈرمەسلىكى كېرەك. ئۇلارنىڭ

كېسەللىكى قۇرت يېگەن چىشقا ئوخشىشىدۇ، بەزىدە ھەتتا يۈز ھەسسىلەپ ئېغىرلاپ كېتىدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

تېببىي ئىلىم ساھەسىدىكىلەر مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى باكتېرىيىدىن ئەمەس، بەلكى كەيپىيات جەھەتتىكى غەم ـ قايغۇ، تەشۋىشلىك، بىئاراملىق ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالىيالماي كېلىۋاتىدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

تىت ـ تىتلىق ۋە بىئاراملىق ئىچىدە ياشايدىغانلارنىڭ يېردىن كۆپرەكى رېئال دۇنياغا ماسلىشىپ كېتەلمەيدۇ، ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ خىيالىي دۇنياسىغا بېكىنىۋالىدۇ، جىمىكى غەم ـ قايغۇلىرىنى شىپا ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولىدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

غەم ـ قايغۇ ھەتتا ئەڭ قەيسەر ئادەمنىمۇ كېسەل قىلىپ قويىدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن



غەم ـ قايغۇ سىزنى رېماتىزم ياكى بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار قىلىپ، چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

غەم ـ قايغۇ ھەتتا چىشنى قۇرت يەپ كېتىشكە

سەۋەبچى بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ھېچ نەرسە ئاياللارنى غەم - قايغۇدەك تېز قېرىتىۋېتەلمەيدۇ. ئاياللارنىڭ رەڭگىرويىنى غەم - قايغۇدەك بەك تۇگەشتۇرۇۋېتەلمەيدۇ. غەم - قايغۇ رەڭگىرويىمىزنى سەتلەشتۇرۇۋېتىدۇ. ئادەمنى بۇرۇقتۇرما قىلىۋېتىدۇ. چېھرىمىزگە قورۇق سوۋغا قىلىدۇ، بىزنى مەيۇس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. چېچىمىزنى ئاقارتىۋېتىدۇ، بەزىدە ھەتتا چېچىمىزدىن مەھرۇم قىلىدۇ، يۈزىمىزگە سەپكۈن چۈشۈرىدۇ، دانىخورەك چىقىرىدۇ، تېرىمىزنى بۇزىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

غەم - قايغۇ توختىماي تامچىلاپ تۇرىدىغان سۇغا ئوخشايدۇ، توختىماي مېڭىمىزگە تامچىلاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان غەم - قايغۇ تولا چاغلاردا كىشىنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ، ئۆلۈۋېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ھازىرقى زامان شەھەرلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، كۆڭلىنى تىنچ تۇتالىغان ئادەملا نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولمايدۇ.



دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

دۇنيادىكى غەم - قايغۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كىشى-لەرنىڭ يېتەرلىك بىلىمگە ئىگە بولماي تۇرۇپ بىر قارارغا كەل-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

گەنلىكىدىن پەيدا بولىدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

شەخسىي ئارزۇيىمىزغا ماس كېلىدىغان نەرسىلەر ھەقىقەتـ
ـتەك كۆرۈنىدۇ. قالغان نەرسىلەر غەزىپىمىزنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ.
دالى كارنېگ: ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

غەم ـ قايغۇ كەيپىياتىمىزنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ.
دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

تۆۋەندىكى تۆت قەدەم بويىچە ئىش كۆرسەم، كۆڭلۈمدىكى
غەم ـ قايغۇنىڭ توقسان پىرسەنتىنى چىقىرىپ تاشلىيالايمەن.

1. نېمىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىمنى ناھايىتى ئېنىق يېـ
ـزىپ چىقىش.

2. قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى يېزىپ چىقىش.

3. قانداق قىلىشىم توغرىسىدا قارارغا كېلىش.

4. دەرھال ئاشۇ قارار بويىچە ئىشلەش.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

مەن شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، مەلۇم چەكتىن ئاشقاندىن كېيىنمۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىماي ئويلىنىۋېرىدىغان بولساق، جەزمەن كۆڭلىمىز پاراكەندە بولىدۇ ۋە غەم ـ قايغۇغا دۇچار بولىـ ـمىز. ئۆزىمىزگە پايدىسىز ئىشلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە ئويلانغان ۋاقتىمىز — دەل بىر قارارغا كېلىدىغان، ئۇنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدىغان ۋە قايتىدىن ئارقىمىزغا قارىمايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاقتىمىزدۇر.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

قانچىلىك ئەقىللىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلارنىڭ كاللىسى بىر ۋاقىتتا بىردىن ئارتۇق ئىشنى ئويلاپ كېتەلمەيدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

غەم ـ قايغۇ، ۋەھىمە، نەپرەت، ھەسەتخورلۇق ۋە ھەۋەس قاتار-لىق كەيپىياتلار ئىدىيىمىز تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل كەيپىياتلار ناھايىتى ۋەھشىي بولۇپ، كاللىمىزدىكى تىنچلىق، شادلىق تۇيغۇسى ۋە كەيپىياتىنى قوغلاپ چىقىرالايدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

بىراۋنى غەم ـ قايغۇغا دۇچار قىلىشنىڭ ئېپى — ئۇنىڭ خۇشال ئۆتۈۋاتامدۇ، يوق دەپ ئويلىنىشىغا بىكار ۋاقىت چىقىرىپ بېرىش.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ئۆزىمىزنى ئالدىراش ئىشلارغا بەند قىلايلى، غەم ـ قايغۇغا دۇچ كەلگەن كىشى جەزمەن خىزمەت ئىچىگە چۆكۈپ كېتىشى كېرەك، بولمىسا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جان تالىشىپ يۈرىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن



كىمدە ـ كىم كۆڭلۈم ئارامخۇدا ئۆتسۇن دېسە، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن پەرىشان بولۇپ يۈرمەسلىكى كېرەك.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىك ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ياش قۇرامىغا يەتكەن نۇرغۇن ئادەملەرمۇ ئاشۇنداق بىمەنە غەم - قايغۇلارغا دۇچار بولىدۇ. غەم - قايغۇ ئىچىدە ئۆتكەن ۋاقتىمىز بەك ئۇزىراپ كەتسە، كۆڭلىمىزدىكى غەم - قايغۇلارنىڭ زادى غەم - قايغۇ ھېسابلىنىدىغان - ھېسابلانمايدىغانلىقىغا ئوتتۇرىچە نىسبەتكە ئاساسەن باھا بېرىدىغان بولساق، بۇ خىل غەم - قايغۇنىڭ ئوندىن توققۇزىنى تۈگىتەلەيمىز.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىن ئارتۇقچىلىقلار» دىن

زۆرۈر تېپىلغاندا، بىز بالا - قازا ۋە قايغۇ - ھەسرەتكە چىداشلىق بېرەلەيمىز، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيمىز. بەزىدە ئۇنداق قىلالمايمىز دەپ قارىشىمىز مۇمكىن، ئەمما ئىچكى كۈچىمىزنىڭ قابىللىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغانلا بولساق، ئۇ بىزنىڭ بارلىق غەم - قايغۇنى يېڭىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

بىز دەرد - ئەلەمگە دۇچ كەلگەندە قورقۇش، قارشىلىشىش، ئازابلىنىش يولى بىلەن ساقلانغىلى بولمايدىغان رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيمىز. ئەمما، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىشنى ئوڭشىۋېلىشنىڭ قىلچىلىك ئىمكانىيىتى بولىدىغانلا بولسا، شۇ مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش

قىلىشىمىز كېرەك؛ بىراق، ئومۇمىي ساۋات بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئۇ ئىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بولسا — ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمىسا — ئەقىل - ھوشىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، خام خىيال ئىچىدە پەرىشان بولۇپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

كېسەل تولا ئالەمدە، ساننى ئېلىپ بولماس،
ساقىيىدۇ بەزىلەر، بەزىلەر ھايات قالماس.
قۇتۇلدۇرمەن دېسەڭلار كۆپ شىپالىق ئىزدەڭلار،
ئۇ ئالەمگە يول ئالسا ھەرگىز ئويلاپ يۈرمەڭلار.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

خۇشال - خۇرام ئۆتمەكتىن ئۆزگە چارە يوق، قۇربىمىز يەتمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

مۇبادا، رېئال دۇنيادىكى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن قېچىپ، ئۆزىمىزنىڭ خىيالىي دۇنياسى ئىچىگە بېكىنىۋالىدىغان بولساق، نېرۋىمىزدىن پۈتۈنلەي ئادىشىمىز.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋاللارغا ئۈيغۇنلىشايلى.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ئەقىللىق كىشىلەر ئەبەدىي ئۆز زىيىنى ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرمەيدۇ، خۇشاللىق بىلەن چارە ئىزدەپ بەدىنىدىكى جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ھېرىش - چارچاش ئوڭايلا غەم - قايغۇ پەيدا قىلىدۇ ياكى ھېچبولمىغاندا غەم - قايغۇنى بىرقەدەر ئوڭاي پەيدا قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ھېرىش - چارچاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش — غەم - قايغۇنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقتۇر.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ھېرىش - چارچاش ۋە غەم - قايغۇدىن ساقلىنىشنىڭ بىرىنچى قائىدىسى: ۋاقتى - ۋاقتىدا دەم ئېلىش، ھاردۇق يېتىشتىن بۇرۇن دەم ئېلىشتىن ئىبارەت.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

35

غەم - قايغۇنى ئازايتىشنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى: كۆڭلىدىكى گەپنى ئۆزى ئىشىنىدىغان ئادەمگە ئېيتىشتىن ئىبارەت، بۇنى بىز پاكىزلىنىش رولى دەپ ئاتايمىز.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ئادەم كۆڭلىدىكى غەم - قايغۇنى باشقىلارغا ئېيتماي ئىچىگە

www.uyghurkitap.com

يوتۇۋالسا، روھىي جەھەتتە جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. بىز دۇچ كەل-
گەن قىيىن مەسىلىلىرىمىزنى باشقىلارغا ئېيتىشىمىز، باشقى-
لارنىڭ كۆڭلىدىكى غەم - قايغۇنى تۆكتىشىگىمۇ ياردەملىشى-
شىمىز لازىم. بىز دۇنيادا ئۆز گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان، بىزنى چۈ-
شىنىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

نۇرغۇن سودىگەرلەر ئۆزى ئۈچۈن گۆر كولايدۇ، چۈنكى ئۇلار
قانداق قىلىپ مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا تەقسىملەپ بېرىشنى
بىلمىگەچكە، ھەممە ئىشقا ئۆزى قول سالىدۇ. نەتىجىدە، بىر قاتار
ئۇششاق ئىشلارنىڭ ئىچىدە پاراكەندە بولۇپ يۈرىدۇ. ئۆزىنى ھەمىشە
ئالدىراشلىق، پەرىشانلىق، تىت - تىتلىق ۋە جىددىيلىك ئىچىدە
يۈرگەندەك ھېس قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

غەم ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئېغىر مەنىۋى يۈكى.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

ئەتىنىڭ غېمىنى يېيىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بارلىق
ئەقىل - پاراسەت ۋە قايناق ھېسسىياتنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۈگۈن-
كى خىزمەتنى ياخشى ئورۇنداش. ئەتىنىڭ غېمىنى يېيىش دېگەن-
لىك، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئەتراپلىق پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇ-
رۇش، لېكىن قىلچىمۇ قورقماسلىق كېرەك دېگەنلىكتۇر.

دالى كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دىن

غەم ـ قايغۇ پىكرىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، خالاس. غەم قىلساق پۈتۈن زېھنىمىزنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە يىغالمايمىز ـ دە، دەرھال بىر قارارغا كېلىش ئىقتىدارىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز. لېكىن، ئۆزىمىزنى رېئاللىققا ئېتىبار بىلەن قاراشقا مەجبۇرلاپ، بېشىمىزغا ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنىڭ چۈشۈشىگە تەييار تۇرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بارلىق گادىرماچ ئوي ـ خىياللىرىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ، زېھنىمىزنى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە قارىتالىشىمىز مۇمكىن.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

غەم ـ ئەندىشە ھەتتا ئادەمنىڭ چىشىنىمۇ زەخىملەندۈرىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

غەم ـ ئەندىشە، ۋەھىمە، ئۆچمەنلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل كەيپىيات پەيدا قىلغان خاپىلىق ... ئادەم بەدىنىدىكى كالتىسىي خلورىدنىڭ نىسبىتىنى بۇزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چىشنى قۇرت يېيىشى مۇمكىن.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



مېڭىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى — ئادەمنى غەم ـ قايغۇغا سالىدىغان ئاساسلىق ئاپەتنىڭ يىلتىزى.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئەگەر بىزنى غەم ـ قايغۇغا سالغان ۋە ئازابلىغان بۇ قىيىن

چىنىقلارنى ھەقىقىي تۇردە تۈگەتمەكچى بولسىڭىز، قەتئىي ھالدا ئۇنىڭ تەلىماتى بويىچە ئىش كۆرمەكتىن باشقا چارە يوق.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاق» دىن

دۇنيادىكى غەم ـ قايغۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپلا ئالدىراقسانلىق بىلەن قارار چىقىرىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاق» دىن

بىزدە ئەھۋالنى ئوبيېكتىپ، ئادىل ئىگىلەش ۋە تەھلىل قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بولىدىغانلا بولسا، ھەقىقىي ئەھۋالنى تەدرىجىي ئايدىڭلاشتۇرۇپ چىقالايمىز، بىئاراملىقىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاق» دىن

مەن بەك ئالدىراش، قايغۇرۇشقا قىلچە ۋاقتىم يوق.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاق» دىن

دەرد ـ ئەلەم ۋە خاپىلىقنىڭ مەنبەسى تەلىيىڭىزنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئۈستىدە بىھۇدە باش قاتۇرىدىغان بىكار ۋاقتىڭىزنىڭ بولغانلىقىدا.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماق، باتۇرلارچە ياشاق» دىن

ئۇنداقتا بىمەنە خىياللاردا بولۇۋەرمەڭ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، خىزمەتكە جىددىي ئاتلىنىڭ! شۇنداق قىلسىڭىز روھىڭىز

كۆتۈرەلىگۈ بولىدۇ، كاللىڭىز سەگەكلىشىدۇ، ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىڭىز سىزنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي قىلىدۇ. ئىشـ ـلەڭ، بۇ دۇنيا بويىچە ھەممىدىن ئەرزان، شۇنداقلا ئەڭ ئۈنۈملۈك رېتسېپ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

غەمكىنلىك كېسەللىكىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرىنچى پرىنسىپى:

ئۆزىگە ئۆزى ئىش تېپىپ قىلىش، خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلەش، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىك.

غەم ـ قايغۇ ۋە باش قېتىنچىلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئىككىنچى پرىنسىپى: تۇرمۇشتىكى مۇھىمmu ئەمەس، كارى بولماي يۈرۈۋەرـ ـسىمۇ بولىدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ ئۆزىنى ئۇپراتماسلىق. ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ئاچچىقلىنىدىغان ئاـ ـدەمنىڭ ئۆمرى قىسقا، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئەستە ساقلاش.

ۋەھىمە ۋە ئەندىشىنى تۈگىتىشنىڭ ئۈچىنچى پرىنسىپى:

سىز يۈز بېرىپ قالارمىكى دەپ قورققان ئەھۋالنىڭ يۈز بېـ ـرىش ئېھتىمالى زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېھتىماللىق بوـ ـيىچە مۆلچەرلەپ بېقىڭ.

قورقۇنچنى تۈگىتىشنىڭ تۆتىنچى پرىنسىپى: قېچىپ قۇـ ـتۇلغىلى بولمايدىغان رېئاللىققا تەن بېرىش.

غەم ـ ئەندىشىنىڭ ئۆزۈڭلارنى نابۇت قىلىۋېتىشىدىن ساقـ ـلىنىش ئۈچۈن، ئۆز ـ ئۆزىنى ئازابلاشنى تۈگىتىشنىڭ بەشىنچى

www.uyghurkitap.com

پرىنسىپىنى ئىسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار كېرەك.

بىرەر يامان ئىش ئۈچۈن تۇرمۇشتا يۇقىرى بەدەل تۆلەش ئېھتىمالى بارلىقىنى سەزگەن هامان دەرھال تۆۋەندىكىدەك ئۈچ سوئال قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار:

1. بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان ئىشنىڭ ماڭا زادى قانچىلىك قىممىتى بار؟

2. باش قېتىنچىلىقىمنى قايسى دائىرىدە چەكلىسەم ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن.

3. بۇ «ئېغىز گارمونى» نى سېتىۋېلىشقا ئەڭ كۆپ بولغاندا قانچىلىك پۇل خەجلىسەم بولار؟ خەجلىگەن پۇلۇم بەك كۆپ بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟

غەم ـ قايغۇنى تۈگىتەي دېسىڭىز مۇنۇ ئالتىنچى پرىنسىپنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ:

ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇماڭ!

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

دۇنيا تارىخى ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋاراقلاپ باقمىدىغان ياكى ناچار شارائىتتا تۇرۇۋاتقان بەزى كىشىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئىنسانلارنىڭ غەم ـ قايغۇ ۋە ئەندىشىدىن خالىي بولۇپ، يېڭىۋاشتىن بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالىمىز ۋە پەخىرلىنىمىز.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئىشىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنى كەتكەن، ھەرقانداق ئادەم ياكى ھەر- قانداق كۈچ ئۇنى قايتۇرۇۋالالمايدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

قايغۇرۇش كىشىنى قورقۇپ ئالغا باسالمايدىغان، ھېچقانداق چارە - ئامال قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ئاخىرىدا گال- ۋاڭلاشتۇرۇپ، كاللىسىنى ئىلەشتۇرۇپ ساراڭ قىلىۋېتىدۇ.
دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بىز مۇشۇ مىزانلارغا ئەمەل قىلىدىغانلا بولساق، نۇرغۇن غەم - ئەندىشە ۋە قايغۇ - ھەسرەتلەرنى تۈگىتىپ، كىشىلىك دۇن- ياسىدىكى لەززەتتىن پۈخادىن چىققۇچە بەھرىمەن بولالايمىز.
مەن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشىم كېرەك.
1. مەن دەرھال بەختكە ئېرىشىشىم كېرەك. مېنىڭچە، ئابرا- ھان لىنكولىنىنىڭ سۆزى ئىنتايىن يوللۇق. ئۇ كىشىلەر بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلسا بەختلىك بولالايدۇ دېگەننىدى، بەخت — پى- كىر قىلىشتىن كېلىدۇ، ئۇنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.
2. مەن دەرھال ئۆزۈمنى ھەممىگە ماسلاشتۇرۇشۇم لازىمكى، ھەممىنى سۇبيېكتىپ مۇددىئايىمغا ماسلاشتۇرىمەن دېمەسلىكىم لازىم.
ئۆزۈمنى ئائىلەمگە، تىجارىتىمگە ۋە تەقدىرىمگە بويسۇندۇ- رۇشۇم كېرەك.

www.uyghurkitap.com

3. مەن دەرھال سالامەتلىكىمنى ئاسرىشىم لازىم. مەن ھەرىكەت قىلىشىم، يەپ - ئىچىشىم كېرەك؛ مەن ئۇنى دەپسەندە قىلىماي، بەلكى كۆپرەك مۇھاپىزەت قىلىشىم لازىم. چۈنكى ئۇ ئوي - پىكرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قورالىم.

4. مەن دەرھال روھىمنى ئۇرغۇتۇشۇم لازىم. ئاز - تولا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگىنىشىم ۋە قىلىشىم لازىم؛ ئىدىيە جەھەتتە ھورۇن بولۇشنى ئەمدى خالىمايمەن، مېنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان، تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە ئىدىيەمنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى ئوقۇشۇم لازىم.

5. مەن دەرھال تۆۋەندىكى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئىرادەمنى تاۋلىشىم كېرەك: مەن مەلۇم كىشىگە بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرەي، لېكىن ئۇنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن؛ بۇ ئىشلىرىم كۆڭلۈمگە ياقمىسىمۇ، ۋىليام جېمسنىڭ نەسىھەتى بويىچە قىلىۋېرەي.

6. مەن دەرھال باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈشۈم لازىم. ئىمكانقەدەر ياخشى كىيىنىپ، ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشۈم كېرەك؛ مەن سىلىق سۆزلىشىم، باشقىلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىم لازىم؛ مەن باشقىلارنى كۆپرەك ماختاپ، ئاز تەنقىد قىلىشىم، ئەيىبلىمەسلىكىم، باشقىلارغا قول شىلتىپ، بۇيرۇق چۈشۈرمەسلىكىم لازىم.

7. مەن دەرھال بۈگۈنكى كۈنۈمنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىشىم لازىم. تۇرمۇشۇمدا كۆرۈلگەن ھەممە مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلىشىم ھاجەتسىز. دائىم بېشىمنى قاتۇرىدىغان ئىشلاردىن

بىر كۈندە بىر قانچىنى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ياخشى بىر تەرەپ قىلىۋالسام تولۇق قانائەت هاسىل قىلىشىم كېرەك.

8. مەن دەرهال ئۆزۈمگە بىر پىلان تۈزۈپ چىقىشىم لازىم. بۈگۈن قايسى ۋاقىتتا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى يېزىپ مېڭىشىم كېرەك. بەلكىم ئۇنى دېگەندەك توغرا ئىگىلەپ كېتەلمەسلىكىم مۇمكىن، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن پىلاننى تۈزۈپ چىقىشىم لازىم. شۇنداق قىلسام‍لا ئالدىراڭغۇلۇق ۋە قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتەلەيمەن.

9. مەن دەرهال هەر كۈنى يېرىم سائەت ۋاقىت چىقىرىپ كاللامنى ئارام ئالدۇرۇشۇم لازىم. ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىشىم لازىم.

10. مەن دەرهال غەم ـ قايغۇسىز ئادەم بولۇشۇم، بولۇپمۇ قورقماسلىقىم، ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالماسلىقىم لازىم. تۇرمۇشتىن بەھۇزۇر لەززەت ئېلىشىم، مېنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرۈشۈم كېرەك. بىلىشىم كېرەككى، مەن ياخشىلىق قىلغانلار ماڭىمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، پۇلنىڭ كۆپ بولۇشى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى غەم ـ قايغۇنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا ئەمەس. مەن بۇنداق ئادەملەرنى ھەقىقەتەن كۆپ كۆردۇم، ئۇلارنىڭ كىرىمى كۆپ، خىراجىتىمۇ كۆپ، بېشى قاتىدىغان ئىشلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. پۇل ـ دۇنيانى دەپ غەم قىلىپ يۈرگەن كىشى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تور بېكىتى

لەرنىڭ كۆپىنچىسى پۇلنى بەك ئاز تاپقانلار ئەمەس، بەلكى پۇل خەجلەشنى بىلمەيدىغانلار.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

بەدەننى بوش تۇتۇش — غەم ـ قايغۇ ۋە كۆڭۈلسىزلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

خوش، ئەمدى مەن سىلەرگە بەدەننى بوش تۇتۇشنى مەشىق قىلىشنىڭ بىرقانچە ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قوياي. بۇ ئۇسۇللارنى ئائىلەڭلەردە سىناپ باقساڭلار بولىدۇ. بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولساڭلار ئۇنىڭ ئاجايىپ رولىنى ھېس قىلالايسىلەر.

1. چارچاپ كەتكەن ۋاقتىڭىزدا يەردە پۈت ـ قوللىرىڭىزنى كېرىپ سوزۇلۇپ يېتىڭ.

2. كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ. خۇددى جونسون ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا تەكلىپ بەرگەندەك، سىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز مۇنداق دەڭ: سۈپسۈزۈك بىپايان ئاسمان، ھەممە يەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. مەن — تەبىئەتنىڭ بالىسى، بۇ چەكسىز ئالەمدە جىم-جىت يېتىپ قۇياش نۇرىغا چۆممەكتىمەن.

3. قازىنىڭىزدا گۆش قايناۋاتقان بولۇپ، يېيىشكە چولىڭىز تەگمىسە، بىر دەم جىم ئولتۇرۇۋالسىڭىزمۇ ئوخشاش ئۈنۈمگە ئېرىشىسىز. قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش يۇمشاق ساپادا ئولتۇرغاندىن ياخشى. ئولتۇرغاندا ئىككى قولىڭىزنى يوتىڭىزغا قويۇپ، تۈپتۈز ئولتۇرۇڭ.

4. پۇتىڭىزنىڭ ئون بارمىقىنى چىڭ تۇتۇڭ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا قويۇپ بېرىڭ؛ پۇتىڭىزنىڭ مۇسكۇللىرىنى چىڭىتىڭ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا بوشىتىڭ. شۇ تەرىقىدە ھەربىر ئەزايىڭىزنىڭ مۇسكۇلىنى بىر ئورۇن ـ بىر ئورۇندىن بىردەم چىڭىتىپ، بىردەم بوشىتىپ بېرىڭ، بۇ ھەرىكەت تاكى بويۇنىڭىزغىچە يەتسۇن. ئاخىرىدا بېشىڭىزنى يەڭگىل ئايلاندۇرۇڭ، كۆڭلىڭىزدە مۇسكۇللىرىڭىزغا توختاۋسىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۇرۇڭ: ئۆزۈڭنى بوش تۇت، ئۆزۈڭنى قويۇۋەت، تېخىمۇ بوشا!

5. رىتىملىق ھالدا ئاستا نەپەس ئېلىڭ، ھىندىستاننىڭ يوگا مۇرىتلىرى: رىتىملىق نەپەس ئېلىش ئەڭ ياخشى تىنچلاندۇرۇش دورىسى دەپ ياخشى ئېيتقان.

6. يۈزۈمدە قورۇق بار دەپ قىياس قىلىڭ ھەمدە ئۇنى يەڭگىل سىلاپ بېرىڭ. بولۇپمۇ، ئىككى قېشىڭىزنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن جاۋغىيىڭىزدىكى «غەم قورۇقى» نى سىلاپ بېرىڭ. ئەگەر ھەر كۈنى ئىككى قېتىم مەشىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولسىڭىز، ئېھتىمال ھۆسن تۈزەش دۇكىنىغا بېرىپ يۈزىڭىزنى ئۆزۈۋېلىتىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالماسلىقى مۇمكىن. بۇ قورۇقلار ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن



ۋەھىمە، غەم ـ ئەندىشە ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن خالىي بولماقچى بولىدىكەنمىز، ئۆزىمىزدە بىر خىل يېڭى ئىدىيە يېتىشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىشىلەر سۆھبەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەم - قايغۇسىنى تې-خىمۇ ئوبدان تونۇپ يېتىپ، ئىدىيىسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرىدۇ. گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قائىدىنى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تەجرىبىسى بار: سەمىمىي سۆھبەت ئىچى-مىزنى تازا بوشىتىپ، كۆڭلىمىزنى كۆتۈرىدۇ.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مېنىڭ غەم - قايغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۇسۇلۇم تۆ-ۋەندىكى تۆت باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئەندىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى توغرا يېزىپ چىقىش.
2. قوللىنىشقا باب كېلىدىغان تەدبىرلەرنى يېزىپ چىقىش.
3. دەرھال قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بەلگىلەش.
4. قارارنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

دالى كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دىن

مەن تويتوغرا ئون يىل مەھبۇس بولدۇم. ئادەتتىكىدەك تۈرمىدە ئەمەس، بەلكى تاملىرى ئۆزۈم ئۈچۈنلا غەم يېيىشتەك ناچار ئەخلاقتىن ۋە قاشالىرى تەنقىدتىن قورقۇشتىن بولغان تۈرمىدە ياتتىم.

دالى كارنېگ: «تىلدىكى بۆسۈش» تىن

ئادەم ئارتۇقچە ئىشلىگەنلىكتىن ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە، شاللاقلىق ۋە غەم - ئەندىشە سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

دۇنيادا ئەڭ ياخشى دوختۇر — ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان، خاتىر-جەم قىلىدىغان ۋە خۇشال - خۇرام قىلىدىغان دوختۇردۇر.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

سىزمۇ نېمىشقا غەم - ئەندىشىنى توختىتىپ ئۆزىڭىزگە «ئاناڭنى، مەن يەنە نېمىدىن غەم يەيمەن؟» دېيەلمەيسىز؟ شۇنداق قىلسىڭىز، سىزمۇ ئېھتىمال سىز قايغۇرغان ئىش ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى، غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق-لۇقىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، تەخمىنەن توقسان پىرسەنت ئىش ياخشى، ئون پىرسەنت ئىش ياخشى ئەمەس. ئەگەر سىز تۇرمۇشىڭىزنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەي دېسىڭىز، روھىڭىزنى ئاشۇ توقسان پىرسەنت ياخشى ئىش ئۈستىگە قويۇشىڭىز كېرەك؛ ئەگەر سىز غەم - ئەندىشە قىلاي ياكى ئاشقازان ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولاي دېسىڭىز، ئۇ ھالدا زېھنىڭىزنى ئون پىرسەنت يامان ئىش ئۈستىگە قويسىڭىز بولىدۇ.



دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

بىز ئۆزىمىز ئېرىشكەن نەرسىلەر ئۈستىدە ناھايىتى ئاز ئويلايمىز، لېكىن ھامان ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەر ئۈستىدىلا باش قاتۇرىمىز. توغرا، مانا بۇ كىشىلىك دۇنيادىكى ئەڭ زور

بەختسىزلىك.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئىلكىڭدە بارىغا خۇشال بول، ئىلكىڭدە يوققا قايغۇرما.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

ئەگەر سىز غەم ـ ئەندىشە قىلماي يىگىرمە تۇرمۇش باشلاي دېسىڭىز، دەردىڭىزنى ئەمەس، ئېرىشكەن بەختىڭىزنى ھېسابلاپ كۆرۈڭ!

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

خەق نېمە دەيدىكىن دەپ تولا غەم يېمە، سەن ئۆز كۆڭلۈڭدە ئۆزۈڭنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى بىلسەڭلا كۇپايە.

دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدىكى ئەڭ ياخشى چاغلارنى باشقىلار ئۈچۈن شاد ـ خۇراملىق يارىتىشقا سەرپ قىلدىم، كۆپچىلىكنى ياخشى كۈن كۆرسۈن دېدىم. بىراق، مېنىڭ ئېرىشكىنىم ھاقارەت بولدى، مانا بۇ مېنىڭ جېنىمدىن تويغان باندىت بولۇپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبى.



دالى كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دىن

قەھرىلىنىش بىلەن غەزەپ ئادەم ئۈچۈن ياۋۇز (نەرسە)؛ بۇ ئىككىسى بىلەن ۋۇجۇد داۋاملىق ئەزىيەت چېكىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىنسان قەھرلىك بولسا، ئەقلىدىن ئازىدۇ، ئەگەر غەزەپ كەل-
سە، پاراسەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

قەھرلىنىش كىشى ئۈچۈن ياۋۇزدۇر، ئۇ بىلىمنى يوقىتىدۇ،
ئالىيجاناب كىشىلەرمۇ قەھرلەنسە قوپاللىق قىلىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

غەيۋەتخور كىشىنى ئۆيۈڭگە يولاتما، كۆرۈپ ـ بىلگەنلىرىنى
پۈتۈن ئەلگە يايىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

قەيەردە غەزەپ بولسا، شۇ يەردە جاڭجال چىقىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

قەيەردە پىتنە ـ پاسات بولسا، (ئۇ يەردىن) بەخت تېزىپ
كېتىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

غەيۋەتخور كىشىگە قېتىلما، يىراق تۇر، غەيۋەتخورنىڭ تىلىدا
ئوت كۆيىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

دۇنيانىڭ پىتنە ـ پاساتلىرى غەيۋەتخوردىن چىقىدۇ.
يۈسۈپ خاس هاجىپ

www.uyghurkitap.com

(دائىم) قەدىر ـ قىممەتلىك بولاي دېسەڭ، پىتنە ـ پاساتلارغا قوشۇلما.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پىتنە ـ پاسات (ھەر ئىشنىڭ) نېگىزىنى بۇزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پىتنە ـ پاسات ياخشى ئىشلارنى (ئىزىدىن) چىقىرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پىتنە ـ پاساتنىڭ ئەتراپىدا يۈرمىگىن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشما، پىتنە ـ پاسات قەيەردە بولسا، شۇ يەردە خارلىق بولىدۇ. پىتنە ـ پاسات (بار يەردە) دۆلەت تۇرمايدۇ، قاچىدۇ، ئەگەر تۇرسا، ھەيران قالما، ئۇ بىر كېچىلىك مېھمان (خالاس).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

نەقەدەر ئەقىللىق، سەگەك بەگ بولسىمۇ، چېقىمچىلار يېقىن بولسا، (ئۇنىڭغا) مالاللىق كەلتۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

چېقىمچىلىقنى خالىمايدىغان قانچىلىك ياخشى كىشى بولسىمۇ، غەيۋەتخورلار ئارىغا كىرسە، سەۋر قىلالمايدۇ (پىكرى ئۆزگىرىدۇ).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سېخىي ئۆلسە، ئۇنىڭ نامىنى تىرىك دەپ بىل.ياۋۇز، يارد-ماسلارنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كىشى ھەم ھىممەتلىك، ھەم مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشى كېرەك.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلىك ئۈچۈن ھىممەت، مۇرۇۋۋەت كېرەك.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىنىڭ قەدرى — ھىممەت ۋە مۇرۇۋۋەت دەرىجىسى (بىلەن ئۆلچىنىدۇ).
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەسىس ئۆز نەرسىسىنى ئۆزىدىن ئايايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سېخىينىڭ ئۆيى ئالتۇن، ئىشىكى كۈمۈشتۇر.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەرنىڭ قەدىرلىكى سېخىي كىشىدۇر.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ



بېخىللىقتىن پەس يەنە نېمە بولسۇن، (بېخىل) دۇنيا توپلاي-دۇ، يېمەيدۇ، كېيىن دۇنياسى قالىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەر ئىچىدە ماختاشقا لايىقلار كىم؟ مەرد ـ سېخىي

ماختىلىدۇ، بېخىل سۆكۈلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تېگىشلىكىنى ئېلىش ئۈچۈن، كىچىك كۆڭۈل بولۇش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سېخىيلىق بەك ياخشى، ئۇنى تاشلىماسلىق كېرەك، (لېكىن) بىراۋنىڭ مېلى بىلەن سېخىي بولماسلىق كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەسىسكە (ھېچكىم) يېقىنلاشمايدۇ، سېخىيگە بەك يېپىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بارلىق پەزىلەتلىك كىشىلەر خەسىستىن قاچىدۇ، سېخىيـ ـنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ تىلەك ـ ئارزۇلىرىغا يېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەسىسلىك بىلەن بەگلىك دۈشمەنلىك بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەسىسكە ھەممە يەردە نىزا پەيدا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ سېخىيلىق بىلەن يۈكسىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەسىس بەگ دۇنيا توپلاپ، خەزىنە يىغىدۇ، سېخىي بەگ قىلىچ بىلەن تارتىپ ئالىدۇ، دۇنيانىڭ قانۇن ـ قائىدىسى ئەنە شۇنداقتۇر، خەسىس سۆكۈلىدۇ، سېخىي ماختىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ

مەرد ئەر كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى يوشۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ

مەرد شۇنىڭ ئۈچۈن مەردكى، ئۇ ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈپ، ئۆلۈمنى يوشۇرۇپ سەۋر بىلەن يۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ

ئەرنىڭ مەردى شۇكى، مىڭ (خىل) ئارزۇغا يەتكەندىمۇ، ئۆزىنى تېز تۇتالىسۇن!ئەل پايدىسىنى كۆزلىگەنلەر (ھەقىقىي) ئادەمدۇر.

يۈسۈپ خاس هاجىپ

ماللىرىنى ئۈلەشتۈرسىلا سېخىيلىق بولمايدۇ، جان ـ تېنىنى (خەلققە) پىدا قىلغانلىق (ھەقىقىي) سېخىيلىقتۇر.

يۈسۈپ خاس هاجىپ



ئۇزاقراق ياشاشنى خالايدىغان بولساڭ، سېخىي بول، (باشقىلاردىن) تۇز ـ تائامىڭنى ئايىما.

يۈسۈپ خاس هاجىپ

ئارتۇق تەكەببۇر بولما، تېتىقسىز بولىسەن؛ ئارتۇقچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىخسىق بولما، نەپرەتكە قالىسەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى نامغا ئىگە بولاي دېسەڭ، سېخىي بولۇشقا بەك دىققەت قىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

نامىڭنىڭ دۇنياغا تارىلىشىنى خالىساڭ، مۇساپىرلارغا ياخشى قارا، نامىڭ (تېز) تارقىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سېخىي جېنىنى پىدا قىلىپ، كىشىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلـ. غۇچىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىنسانىيەت بېغىنىڭ دىلغا يېقىملىقراق دەرىخى ئېھساندۇر. ئەلگە ماقۇل سۆپەتلا ۋە ياخشى ئەخلاقلا ئېھسانغا تەۋەدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

سورىغاندا بەرگەننى سېخىيلىقتىن يىراق بىل، مىننەت بىلـ. لەن بەرگەندىن بەرمىگەننى ياخشىراق بىل.

ئەلىشىر نەۋائى

ساخاۋەتسىز ئەر يېغىنسىز باھار بولۇتىدۇر، مېۋىسىز دەرەخ ھامانە ئوتۇندۇر، يېغىنسىز بۇلۇت ھامانە تۇتۇندۇر، ساخاۋەتسىز كىشىنى گۆھەرسىز سەدەپ دېسە بولىدۇ، گۆھەرسىز سەدەپ بىلەن

ئۆلۈپ قۇرۇغان كەشەپ (سۇ جانىۋارى) نىمىڭ نېمە ئەتىۋارى بولسۇن؟!

ئەلىشىر نەۋائى

كىشىدىكى ھەممە ياخشى ئەخلاقنى خۇلاسە قىلىپ «ئېھسان» دېسە بولىدۇ، يەنە سېخىيلىق ۋە مۇرۇۋۋەت بولمىسا، ئىنساندا ئېھسانمۇ بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھىممەتلىك كىشىلەر خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتلىك بولۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

كۆلۈپ تۇرۇپ بېرىش — سېخىيلىق ئۈستىگە سېخىيلىقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

بىر توقاچنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئاچقا بەرگەننى سېخىي دېگىن، ئۆزى يېمەي، بارىنى موھتاجغا بەرگەننى ئەخى (بىر تۇغقىنىم)دېگىن.

ئەلىشىر نەۋائى

سېخىيلىق ھۈنەر بىلەن تېپىش ۋە يېگۈزۈشتۇر، ئەيىبلەرنى يېپىش ۋە كۆيدۈرۈشتۇر.



ئەلىشىر نەۋائى

جايىدا بەرگەن ئەسكى چاپان تونغا تەڭ ساناۋەتتۇر، جايىدا بېرىلمىگەن زەرباپ تون شاقاۋەتتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ساخاۋەت ئادەمگە بەدەن بولسا، ئىرادە ئۇنىڭ جېنىدۇر؛ غايىلىك كىشىلەر دۇنيادا كۆرمىگەن سىرلارنى ئاچالايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

چىنارنىڭ غولىنىڭ قورۇقۇقى بىلەن ئېگىزلىكىگە زىيان يەتمەيدۇ، تۇپراق خەزىنىلەرنى يوشۇرۇش بىلەن ئالىي بولۇپ كەتمەيدۇ، ئىرادىلىك كىشىلەرگە بۈيۈكلۈك بەك يارىشىدۇ، ئەمما، ساخاۋەت ئېگىلىرىگە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يارىشىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھىممەتسىز كىشى پەستۇر، كىشىنىڭ ھىممىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ھۆرمىتىمۇ بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

نامەرد قانداق بىمەنە گەپلەرنى ئېيتمايدۇ؟ توخۇ قانداق نىجاسەتلەرنى يېمەيدۇ؟ ياخشىلارنىڭ ھۈنىرى سۆزىنىڭ مەنىسىدە، بوزچىلارنىڭ ھۈنىرى ماتاسىدا، چاكىنا، پەس ئادەم ماختانغىنى بىلەن بۈيۈك بولالماس، ئۆچكە يۈگۈرگىنى بىلەن كېيىك بولالماس.



ئەلىشىر نەۋائى

ئىسراپ قىلىش سېخىيلىق ئەمەس، ئورۇنسىز بۇزۇپ - چېچىشنى ئەقىللىق ئادەملەر سېخىيلىق دېمەس.

ئەلىشىر نەۋائى

غايىلىك كىشىلەرلا ساخاۋەتلىك بولالايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئالىي ھىممەت ئىگىسى ئۇچۇۋاتقان لاچىندۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

كەرەم تىلەش قۇياشنى زەررىدىن ئىزدەشتۇر، پەلەكنى بۇلۇت-تىن ئىزدەشتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەگەر ئاجىز خەلقنىڭ ھىممىتى يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ ئىززەت - مەرتىۋىسىمۇ شۇنىڭغا يارىشا بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئادەم سەدەپ بولسا، ھىممەت سەدەپتىكى گۆھەردۇر. گۆھەر سەدەپكە شەرەپ كەلتۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كىشى ھىممەتلىك بولسا، ئۇ مەنسەپكە ۋە مال - مۈلۈككە ئانچە بېرىلىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ھىممەت ئۇنىڭ سەر-مايىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

بىر كىشىنىڭ ھېچقانداق ئىشقا قولى يەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ ھىممىتى ئۈستۈن بولسا كۇپايە.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەر ھىممەت بىلەن ئېتىبار تاپىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىلا بولۇپ ھىممىتى بولمىسا، ئۇنداق-لارنىڭ بىلىملىك كىشىلەر ئالدىدا ئىززىتى بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كىشىدە ئالىي ھىممەت بولسا، مۇنداق ھىممەت ئۇنىڭغا بەخت ـ ئىستىقبالنىڭ مېۋىسىنى بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھىممەتسىز پادىشاھ ھىممەتلىك گادايىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىمۇ ھىممەتتىن.

ئەلىشىر نەۋائى

ھىممەتسىز ئادەم يۈكسەك بەختكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ھىممەتلىك سەھرالىقچا يەتمەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەگەر قويلارغا بۆرىدىن زىيان يەتسە، پادىچىدىن ئىت ياخشى-راق بولىدۇ. خەزىنىسى بولۇپ ھىممىتى بولمىغان ئادەمنى خۇددى شۇ قويلار بىلەن پادىچىغا نىسبەتەن قىلسا بولىدۇ. خەزىنىسى بولۇپ ھىممىتى بولمىغان ئادەم بىلەن، پادىچى تۇرۇپ قوينى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىلىكتىرونلۇق ئادرېسى

ساقلىيالمىغان ئادەم ئوخشاش بولىدۇ. ھەممىتى يۇقىرى كەمبەغەل ئۆزىنىڭ مال پادىسىنى توغرا كەلسە قەلەندەرگە سەدىقىمۇ قىلىدۇ. ۋېتەلەيدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ھەممەتلىك ۋە سېخىي كەمبەغەلگە خەجلەي دېسە يۇلتۇزمۇ پۇل بولىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

دۆلەت قۇشىنىڭ ھەممىتى قانات ئاچسا، تۈمەنمىڭلاپ خەلق ئازابتىن قۇتۇلىدۇ.

ئادەملەردە نۇرغۇن ياخشى سۈپەتلەر بار. ئۇ سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئىنساپتۇر.

ئەلشىر نەۋائى

ئىنساپسىز ئادەم ئىنسان ھېسابلانمايدۇ. ئۇنداق ئادەم نۇقسانىدىن خالىي بولالمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى



ھەقىقەت ئەھلى ئەلدىن ئىنساپ تىلىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىنساپنى بىلىم دەپ بىلىدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

ئۆزى ئىنساپسىز تۇرۇقلۇق، باشقىلاردىن ئىنساپ ئىزلىگەن ئادەم مۇتلەق نائىنساپ ئادەمدۇر.

ئەلشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com

باشقىلارغا ھىممەت قىلىشنى سائادەتنىڭ ئەبەدىي سۆيۈنتى، پىتنە - پاسات ۋە بالايىئاپەتنى توسقۇچى سېپىل دەپ بىل.

ئەلىشىر نەۋائى

كەمبەغەل يىگىت پەقەت ئۇتۇن توشۇشنىلا بىلىپ، ئىلىم ئۆگىنىشكە ۋە باشقا ئىشلارغا ھىممەت قىلىشقا بىلىنى ئەگرى قىلمايدىكەن، ئاللا ئۇنىڭغا ئىلگىرى بەرگەن نېمەتلەرنىمۇ سورۇپ تاشلايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھىممەتلىك كىشى كەمبەغەللىك بىلەن پەسلىشىپ كەتمەيدۇ. ھىممەتسىز كىشى باي بولغان تەقدىردىمۇ، يا ئۇلۇغ كىشىلەرگە ماسلىشىپ، ئۇلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرەلمەيدۇ ۋە ياكى كەمبەغەللەرگە ياخشىلىق قىلالمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

كۆچلۈكلەردىن زەربە يېمەي دېسەڭ، ئاجىز ۋە قول ئاستىڭدىكىلەرگە پايدا يەتكۈز.

ئەلىشىر نەۋائى



كىشى ئەگەر ھاتەمدەك ساخاۋەتلىك بولۇپ، ھىممىتىنى ئۇستۇن تۇتۇشنى خالايدىكەن، ئۇ ھالدا قولىدىكى زەھەرمۇ ئابىھايات سۈيىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بەرگۈچى گاداي بولۇپ، ئالغۇچى شاھ بولسا بەرگۈچىنىڭ قولى ئۇستۇن، ئالغۇچىنىڭ قولى تۆۋەندە تۇرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

خەلق ئىچىدىن چىققان سېخىي كىشى ئەلگە ئىككى خىل مۇكاپات تەقدىم قىلالايدۇ: بىرى، خەلققە ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئەل بىلەن ئارىلىشىپ ياخشى ئۆتۇش؛ يەنە بىرى، گۈزەل ئەخلاقى ئارقىلىق خەلقنىڭ تىنچ، خاتىرجەم ياشىشىغا تەسىر كۆرسىتىش.

ئەلىشىر نەۋائى

باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ھىممەت قىلىش ۋە كۆرۈنۈشتىكى سېخىيلىق بىلەن پەخىرلىنىش شۆھرەتپەرەسلىكتۇر. ئۆزىنىڭ غەرەزلىك، ساختا سېخىيلىقى بىلەن ئۆزىنى ھىممەتلىك، قولى ئوچۇق كۆرسىتىش ھاياسىزلىقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەركىم ھىممەت بەزمىسىدە پىيالە كۆتۈرسە، شۇ پىيالىدىن ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى تاپالايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

تائاملىرىم ئىسراپ بولمىسۇن دېسەڭ، كەڭ قورساقلىق بىلەن كىشىلەرنى مېھمان قىل. كىيىم ـ كېچەكلىرىم كونىرىمىسۇن دېسەڭ، نامرات كىشىلەرگە كىيدۈر. ھىممەتنى زايە قىلىدىغانلار ئۈچۈن كەمبەغەللىك بىلەن بايلىقنىڭ پەرقى يوق.

ئەلىشىر نەۋائى

مەرتىۋىسى يۇقىرى، دۆلەتمەن، سېخىي كىشى زامانىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى بىلەن ھال ـ ئوقىتىدە ئۆزگىرىش بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەقدىردىمۇ، ھېچكىمدىن ھېچقانداق نەرسە تەمە قىلمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

كىشىلەردىن تىلەپ تاپقان نەرسىلەرنى باشقىلارغا بېرىش بەدىلىگە ئۆزىنى سېخىي دېيىش ساختىپەزلىكتۇر.

ئەلشىر نەۋائى

ئەي، سېخىيلىق كويىدا ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بىھۇدە ۋە تەلۋىلەرچە بۇزۇپ ـ چاچقۇچى كىشى، قولۇڭدىكى نەق پۇللىرىڭنى سورىۋەتمە. مال ـ مۈلۈكلىرىڭدىن ئايرىلىپ، ئېچىلماي توزۇغان گۈلدەك ۋەيران بولما، كېيىن بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاھ ئۇرۇشۇڭنىڭ پايدىسى يوق.

ئەلشىر نەۋائى

ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى چاچقۇچىلار جاھاندا مىڭدىن بىر كىشى بولۇپ، باشقىلار ئۇ چاچقاننى تېرىۋالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەلمىساقتىن بۇيان ئادەت بولۇپ كەلگەن بىر ئىش شۇكى، ئالماق ئاسان، بەرمەك مۈشكۈلدۇر.

ئەلشىر نەۋائى

ئىسراپچىلىق قىلغانلىق ھىممەت قىلغانلىق ئەمەس. مال ـ مۈلۈكلىرىنى كىشىلەرگە ھەقسىز بېرىۋېتىشمۇ سېخىيلىق ھېسابلانمايدۇ.

ئەلشىر نەۋائى

خۇدا بەرگەن مال ـ مۈلۈكنى كۆيدۈرۈش بىكار تەلەپ

سائىلنىڭ ئىشى بولسا، كۈپكۈندۈزدە شام يېقىش ئەقىلدىن ئازغان ساراڭلارنىڭ ئىشىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ھەممەتلىك، خەلققە ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە دەردۇھالىڭنى ئېيتىپ، دەردىڭ كۆڭۈلگە مەلھەم بولۇشنى تەلەپ قىل، ئۇلارغا يۈرىكىڭنى يېرىپ كۆرسىتىپ سوئال قوي.

ئەلىشىر نەۋائى

باشقىلارغا داستىخاندىكى نېنىنى خالىس ۋە مىننەتسىز بېرىش سېخىيلىقتۇر. شۇنداق كىشى سېخىي بولۇشقا مۇناسىپكى، ئۇلار نېنىغا يوقسۇلنىڭ كۆزى چۈشكەن ھامان، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، نانىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

مەرد ۋە ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر قورسىقى ئاچلارغا تائام، ئۇچىسى يالىڭاچلارغا چاپان بېرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

دۇنيادا ياشىغان ئىكەنسەن، خەلققە ياخشىلىق قىلىپ ئەل جىسمىنىڭ جېنى، تومۇرىدىكى قېنى بول ھەمدە ئەل دەردىگە دەرمان بولىدىغان سەرمايىمۇ بولغىن.

ئەلىشىر نەۋائى

ئاچ كۆز، بېخىل ئادەمنىڭ ھىممىتى بولمىغاچقا، كىشىلەر ئالدىدا ئۇنىڭ قىلچە ھۆرمىتىمۇ بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

www.uyghurkitap.com

مال - دۇنياغا غەرق بولغان بايلار پۇل - ماللىرىنى ھەتتا ئۆزلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىشقىمۇ چىدىمىسا، ئۇ ھالدا ئۇلار بىلەن كەمبەغەل بىچارىلەر ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بولسۇن؟

ئەلىشىر نەۋائى

قۇش ھاۋا بوشلۇقىدا قانچىكى ئېگىز ئۈچۈپ پەرۋاز قىلسا، ئوۋچىنىڭ ئاتقان ئوقى ئۇنىڭغا تەگمەيدۇ. شۇ قۇش كۆكتە شۇنچە بىغەم، ئەركىن ۋە بەھۇزۇر ئۇچالايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

تىرىكچىلىكتىكى زۆرۈر نەرسىلەرگە مۇشەققەت بىلەن ئې-رىشكەن كىشى زور خەزىنىگە ئېرىشكەندەك خۇشلۇق تاپىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

قانتى ھەممەتتىن پۈتكەن قۇش تۆۋەن ئۇۋىغا نەزەر سالمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

مەردلىك قەلبنىڭ بۈيۈك پەزىلىتىدۇر؛ كىمدە شۇ پەزىلەت بولسا، ئۇ پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ. 64

ن. م. كارامزىن

جاسارەت بەك قەدىرلىنىدىغان ۋە قورققانلىق قاتتىق جازالى-نىدىغان دۆلەت ئەڭ قۇدرەتلىكتۇر.

ك. گېلۋېتسىي

ھەربىر باتۇر، ھەربىر ھەققانىيەتچى ئادەم ۋەتىنىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدۇ.

ت. روللان

مەردلىك ۋە چىداملىق ئادەملەرگە، مەيلى دۈشمەن قورالىغا قارشى تۇرۇشتا بولسۇن، مەيلى باشقا ھەرقانداق زەربىلەرگە قارشى تۇرۇشتا بولسۇن ئىنتايىن زۆرۈر.

پلوتارىخ

پۇقرالىق جاسارەتنىڭمۇ، ھەربىي جاسارەتنىڭمۇ تۇغۇلۇش مەنبەسى بىر.

ئو. بالزاك

مەردلىك بىلەن ۋەتىنىڭىزنى شان ـ شۆھرەتكە ئوراڭ!

م. ۋ. لومونوسوف

تەقدىر زەربىلىرىنى مەردلىك كومپەيكوم قىلىدۇ.

دېموكرىت



جاسارەتلىك يۈرەك ھەرقانداق مۇسىبەتلەرنىمۇ بىتچىت قىلىدۇ.

م. سېرۋانتېس

ھەقىقىي مەردلىك — كۆلپەتتە سىنىلىدۇ.

ف. ۋولتېر

www.uyghurkitap.com

مەردلىك ئادەملەرنى خەتەرلىك مىنۇتلاردىن ئاجايىپ ئىشلارغا ئۈندىگۈچى پەزىلەتتۇر.

ئارەستۇ

ھېچكىم باتۇردەك، قورقۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئارەستۇ

قورقۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي، ئۆلۈمگە مەردانە تىك بارغان ئادەمنى مەرد دېسە بولىدۇ.

ئارەستۇ

كىمىكى مەرد ئىكەن، ئۇ جەسۇردۇر.

تستېپسرون

مەردلىك قورقۇشتىن يىرگىنىشتۇر. ئۇ بىزگە تەھدىت سېلىپ تۇرغان خەۋپ ـ خەتەرنى پىسەنت قىلماي، ئۇنىڭغا قارشى تىك بارىدۇ ۋە ئۇنى يەكسان قىلىدۇ.

سېنېكا

ھەقىقىي مەردلىك ھەرقانداق خەتەرگە دۇچ كېلىشكىمۇ تەييار تۇرىدۇ ۋە ھەرقانداق كۈلپەتتىنمۇ زەخىملەنمەيدۇ.

ژ. لوكك

ھەقىقىي مەردلىك ھېچبىر كۈلپەت ۋە خەتەرلەرگە قارىماي، ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشنى بىلىش ۋە ۋەزمىنلىك بىلەن ئۆز مەج-

بۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتا نامايان بولىدۇ.

ژ. لوكك

مەردلىك خەتەرگە ئۆچ. مۇشكۇللۇك قانچە كۆپەيسە، مەردلىك شۇنچە كۈچىيىدۇ.

ف. شىللېر

خەتەرنى قورقماي بىر تەرەپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى يۈزمۇ يۈز قارشى ئېلىش مەردلىكتۇر.

ژان پول

شەرمەندە بولۇشتىن قورقۇش مەردلىكتۇر؛ باشقىلارنىڭ بىزگە قىلغان نالايىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن كەچۈرۈشنى بىلىشمۇ خۇددى شۇنداق مەردلىكتۇر.

ب. جونسون

مەرد ئادەم ئادەتتە ئازاب چەكسىمۇ نالىمايدۇ؛ ئاجىز بولسا، جاپا چەكمەي تۇرۇپ نالايدۇ.

پ. بوئاست



ھەقىقىي مەرد ئادەم بىرەر ئىشقا قول تىققاندا ئېھتىياتكار بولۇشى، ھەممە تاسادىپىيلارنى مۆلچەرلەپ كۆرۈشى، ئەمما ئىشنى ھەل قىلىشقا كەلگەندە بولسا، جاسارەت كۆرسىتىشى لازىم.

ھېرودوت

خەتەرگە دۇچ كېلىشتىن بۇرۇنراق ئۇنىڭدىن ئېھتىيات

قىلىش، چۆچۈش كېرەك، بىراق باشقا ئىش كەلدىمۇ، بىرلا يول ئۇنى جاسارەت بىلەن يېڭىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ف. فېنېلان

مەردلىك پەقەت پائال ھەرىكەت ئۇچۇنلا ئەمەس، ئۇنۇملۇك ئىش ۋە تەپەككۇر ئۇچۇنمۇ زۆرۈر.

ئا. دىستېرۋېگ

ئەڭ قىيىن ئىش، يىللار بويى قىلىنىدىغان كۈندىلىك خىزمەتتىكى جاسارەتتۇر. ئۆزۈڭ ئۇچۇن مەردلىك ئۆرنىكىنى تاپ، چېكىنىشنى ئويلىماي، ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭ.

ۋ. ئا. سۇخوملىنىسكىي

ھەقىقىي مەردلىكنى مەن خەتەرنىڭ دەرىجىسىنى باھالاشتىكى ئەڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئاشۇ خەتەرگە قارشى تۇرۇشنى بىلىشتىكى مەنىۋى تەييارلىق، دەپ تەرىپلەيمەن.

ئو. شىللېر

مەردلىك قىيىنچىلىقلارغا سۇباتلىق بىلەن ھەر كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشتە تاۋلىنىدۇ.

ن. ئا. ئوستروۋسكىي

مەغلۇپ بولۇپ تۇرۇپ، چۈشكۈنلۈككە بېرىلمەسلىك نەتىجىسىدە ئىنسان جاسارىتى مىسلىسىز سىناقتىن ئۆتىدۇ.

ر. ئىنگېرساللى

ئەگەر سىز جاسارەت كۆرسىتىشتە بىرىنچى سىناقتىن باش تارتسىڭىزلا ئىككىنچىسىدە يەنىمۇ قۇۋۋەتسىز بولۇپ قالىسىز.

ژ. بىلىككى

جۇرئەتلىك بولۇشنى قىلىنلىق ۋە قوپاللىق بىلەن ئالماش-تۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. ئۇلار كېلىپ چىقىشى جەھەتتىنمۇ، ئاقىۋىتى جەھەتتىنمۇ بىر - بىرىگە ئەسلا يېقىن كەلمەيدۇ.

ژ. ژ. روسسو

سادىدا جۇرئەتسىز قورققانلىقنىڭ ئالاھىدە كۆرۈنۈشىدۇر، خالاس.

سېنېكا

باتۇرلۇق مەنىۋى جاسارەتتۇر.

ژ. بىلىككى

پاراسەتلىك جاسارەت، جاسارەتسىز ئەقىلگە قارىغاندا كۆپرەك نەپ بېرىدۇ.

ل. ۋاۋېنارگ

جاسارەت ئادەتتە كۆڭۈلچەكلىك بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن مەرد ئادەم باشقىلارغا قارىغاندا ھىممەتلىكرەك بولىدۇ.

ن. ۋ. شېلگونوف

مەرد ئادەم سۆزىدە تۇرىدۇ.

پ. كورنېل

باتۇرلۇق باشقا ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە زۆرۈر. ئاخىر، مەرد بولماي تۇرۇپ ئادالەت ئىزلەش ياكى مۇھەببەتنى ئەتىۋارلاپ —ئاسراش مۇمكىنمۇ؟

م. گەندى.

تېخى جاسارەتنى يوقاتماپتىمىز، ھېچكىم ئۆزىنى مەغلۇپ ھېسابلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ژ. لېببوك

مەيلى ھەممە نەرسە تەرك ئەتسە ئېتىۋەرسۇن، ئەمما مەردلىك تەرك ئەتمىسۇن.

ئى. فىفتىر

مال - مۈلكۈڭدىن ئايرىلساڭ كۆپ نەرسە يوقاتمايسەن، نومۇسۇڭدىن ئايرىلساڭ — كۆپ نەرسە يوقىتىسەن. مەردلىكىڭدىن ئايرىلغىنىڭ —ھەممە نەرسەڭنى يوقاتقىنىڭ.

ئى. گېيوتى

يۈكسەك ئەخلاقىي خاراكتېر ئىنسان ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئالىي مەقسىتىدۇر.

ئە. تېلمان

خاراكتېرلىك ئادەم كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە تۇرلۇك سەرگۈزەشتىلەردە چېنىققان ئادەمدۇر، ئۇنىڭدا ئۇمىدۋارلىققا تولغان قانداقتۇر كۈچلۈك پەزىلەت بار دېيىشكە بولىدۇ.

ئە. تېلمان

خاراكتېر بىر خۇسۇسىيەت ۋە بىر قانچە خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دەرىجىسى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىگە قاراپ ئېنىقلىنىدۇ.

ژان پول

خاراكتېر ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن غەيرەت بىلەن ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت.

ئى. گيوتى

ئىنساننىڭ ھاياتى — مانا — ئۇنىڭ خاراكتېرى.

ئى. گيوتى

خاراكتېر پرىنسىپلار ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت.

ئى. كانت



خاراكتېر ئىنسان قابىلىيەتلىرىنىڭ بۈيۈك كۆپەيتكۈچىسى.

ك. فىشېر

جىددىيلىك —خاراكتېر ئاساسى.

ئو. بالزاك

گۈل ئۇچۇن ھىد قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، ئىنسان ئۈ-
چۈن خاراكتېرمۇ شۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە.

ج. شۋاب

خاراكتېرلىك ئادەملەر ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان جەمئىيەت-
نىڭ ۋىجدانىدۇر.

ر. ئېمېرسون

ھەربىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى زىيان ياكى پايدا كەلتۈرۈش
خۇسۇسىيىتى بىلەن باشقىلارنىڭ بەختىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئا. سىمت

ئۆز مەجبۇرىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش خاراكتېرنىڭ
گۈلتاجى.

ن. ۋ. شېلگۇنوف

ئىنسان خاراكتېرى ئۇنىڭ ھەل قىلغۇچ مىنۇتلاردىكى ئىش
ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ياخشى بىلىنىدۇ.

س. تسۋېيگ

تالانت جىمجىتلىق قوينىدا يېتىلىدۇ، خاراكتېر ھايات بو-
ران ـ چاپقۇنلىرىدا تاۋلىنىدۇ.

ئى. گيوتې

ئىرادىلىك ئادەم ئۆزىنىڭ ھەربىر سۆزى ۋە ئىشىدا ھالال

بولىدۇ.

س. سمايلىس

سۆزۈڭ ۋە ئىشىڭ بىر يەردىن چىقىشى ئۈچۈن خاراكتېرگە ئىگە بولۇش لازىم.

ئا. ئى. گېرتسېن

مەن ئىنسان خاراكتېرى دەپ ئۇنىڭ ئەخلاقىي ئادەتلىرى مەجمۇئەسىنى ئاتايمەن.

ستېندال

خاراكتېر ئۇزاق ۋاقىت دامىدا ھاسىل قىلىنغان تەكرارلاش- تىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پلۇتارخ

ياخشى خاراكتېر پۈتۈن ئۆمۈرگە يېتىدىغان بايلىق.

ئۇ. گېزلىت

ياخشى خاراكتېرلىك كىشىنىڭ ھاياتىمۇ ياخشى بولىدۇ.

دېموكرىت



ياخشىلىق قىلالمىساڭ، يامانلىقمۇ قىلما.

ئە. نەۋائى

ياخشىلىقنى بىلمىسەڭ ياخشىلارغا قېتىل.

ئە. نەۋائى

ئەگەر خاراكتېر ئومۇمەن ياخشى بولسا، ئايرىم كەمچىلىك-لەرنىڭ بارلىقىمۇ بىلىنمەيدۇ.

ش. مونتېسكيۇ

ئىنسان كۆپلىگەن مايىللىقلار ۋە خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ راۋاجلىنىشى كۆپىنچە ئەتراپتىكى شارائىتقا باغلىق.

ئا. بېبېل

بۈيۈك خاراكتېرلارنىڭ كۆپ قىسمى كۈرەشتە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

د. ئى. پىسارېف

ئىنساننىڭ خاراكتېرى ئەتراپتىكى ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگى-رىپ تۇرىدۇ.

ۋ. پلېخانوف

ئەڭ ئەھمىيەتسىز ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارمۇ خاراكتېر-نىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ل. ن. تولستوي



ئاستىرتتىن كۆزەتكەندە ھېچ نەرسە يۈزەكى ئەمەس، خاراكتېر ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

ئە. بۇلۋېر ـ لىتتون

ئىنسان خاراكتېرى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ۋىجدانەن ئورۇن-

داش تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

س. سمايلىس

كۈچلۈك خاراكتېر كۈچلۈك ئېقىمدەك توسالغۇغا ئۇچراش بىلەن غەزەپكە كېلىدۇ ۋە تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. توسالغۇنى بۆسۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۈچۈن چوڭقۇر ئېقىن يارىدۇ.

ك. د. ئۇشىنسكىي

قەتئىي خاراكتېر ئەقىلنىڭ چېچەنلىكى بىلەن ئۇيغۇنلىشىشى لازىم.

ل. ۋوۋېنارگ

شۇنداق ئەخلاقىي ئىگە، ياكى شۇنداق خاراكتېردىكى ئادەملەر باركى، ئۇلار بىلەن ئومۇمەن ئالاقىدە بولمىغىنىڭ، ئۇلار بىلەن ئىلاجى بار كەمرەك ئەيىبلىشىڭنىڭ، ھەتتا ئۇلار بىلەن مۇنازىرىدە ئۇتۇپ چىقىشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگىنىڭ ياخشىراق.

ج. لابريوير

ئەقىل - پاراسەت پەرمانىغا ئىتائەتچانلىق بىلەن ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، بىزنىڭ خاراكتېرىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ.



ف. لاروشفېك

خاراكتېرنىڭ بوشلۇقى، تۈزىتىپ بولمايدىغان بىردىنبىر كەمچىلىكتۇر.

ف. لاروشفېك



www.uyghurkitap.com

ئىرادىسىز ئادەم خاراكتېرىدىنمۇ تېتىقسىز نەرسە يوق.

ج. لابرىيوپېر

جەمئىيەتتە ئىرادىسىز ئادەمدىنمۇ خەۋپلىكرەك نەرسە يوق.

ج. دالامبېر

ئىرادىسىز ئادەم — ئادەم ئەمەس.

ن. شامفور

كۆپىنچە ئۆز مەيلىچە ئەمەس، بەلكى خاراكتېرنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن خائىنلىق كېلىپ چىقىدۇ.

ف. لاروشفېك

پەقەت توغرا تەشكىل قىلىنغان، ئىنتىزاملىق، مۇستەھكەم كوللېكتىپ ھاياتتا ئىنساننىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋامىدا قاتنىششى سەۋەبىدىنلا خاراكتېرنى تەربىيىلەش مۇمكىن.

ئا. س. ماكارېنكو

ياخشى خاراكتېر، ياخشى نەرسىلەرگە ئوخشاش بېشىغا قاردىغاندا ئاخىرىدا قايىل قىلىدۇ.

ف. ۋولتېر



ئىنسان خاراكتېرىنى توغرا بىلىشكە ئىنتىلىش — دۇنيادىكى ئەڭ مۇشكۈل ئىش. ھەربىر ئايرىم شەخس، بولۇپمۇ، ئىستېداتلىق شەخس قارىمۇ قارشىلىقلار تۈگۈنىدۇر.

ت. درايزېر

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۈچ خاراكتېرى بار: باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنى؛ ئۇنىڭ ئۆزى ئۆزۈمنىڭكى دەپ بىلگىنى ۋە ئاخىرى، ئۇ-نىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى.

ۋ. ھيۇگو

ھەركىم ئۆز شەخسىي قەدىر - قىممىتىنى ئۆزى يەرگە ئۇرىدۇ. ئادەمنىڭ بۈيۈك ياكى بۈيۈك ئەمەسلىكى ئىرادىسىگە باغلىق.

س. سمايلىس

ھالال ۋە غەرەزسىز بولغان پائالىيەتلا ئىنسانىي پەزىلەتلەر ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلانغان بولىدۇ. پەقەت ئىرادە كۈچى ئارقىلىقلا تاللانغان ساھەدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت - شارائىت مەۋجۇت بولىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

ھېچقانداق نەرسە ئۆز - ئۆزىدىن، ھەرىكەت ۋە ئىرادىسىز بەدەلسىز ۋە ئەمگەكسىز ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن



ۋەقەلەر تەرەققىياتى بىزنىڭ دادىل ئىرادىمىزگە ۋە ھەرىكىتىمىزگە باغلىق.

گ. ئۇئېللس

جىددىي، چوڭقۇر، ھەقىقىي ئىرادە ئەڭ ئاۋۋال مەقسەتكە

www.uyghurkitap.com

يېتىش يولىدىكى ئىشەنچ تەسەۋۋۇرى بىلەن ئۇيغۇنلىشىشتا ئىپا-دىلىنىدۇ.

ئى. گيوتې

ئەقىل، ئىرادە يولىنى يورۇتىدۇ، ئىرادە بولسا پائالىيەتنى ئىدارە قىلىدۇ.

يا. كومېنسكي

ئىرادە يوق يەردە يولمۇ يوق.

پ. شوئو

ئىرادە ئىشقا ئايلىنىدىغان پىكىردىن باشقا نەرسە ئەمەس!

ئا. ئا. بېستۇژېف - مارلىنسكي

شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار ئۇمىدسىزلەنگەن ياكى ئەسە-بىيلەشكەن ھالدا ئۆز ئەھۋاللىرىدىن زوقلىنىدۇ، ھەتتا پەخىرلى-نىدۇ. بۇ خۇددى پەسكە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، يەنە ئۇنى قامچىلاش بىلەن باراۋەر.

ل. ن. تولستوي



ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە ئاقلاپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، بىز كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزنى مەقسەتكە يېتىشكە كۈچىمىز يەتمىگەندەك قىلىپ ئىشەندۈرىمىز، ئەسلىدە بىز كۈچسىز ئەمەس، ئىرادىسىزمى.

ف. لاروشفېك

بىزدە ئىرادىگە قارىغاندا كۈچ كۆپ، بىز كۆپىنچە ھاللاردا

ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە پاك قىلىپ كۆرسىتىش مەقسىتىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ ئىمكانىيەتلىرىمىزدىن خالىي دەپ ھېسابلايمىز.

ف. لاروشفېك

ئىرادىلىك ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق قىيىن ئىش يوق.

روتتېردامسكىي

تېشى قانچىلىك قاتتىق بولسۇن، دۇنيادا ئىنسان ئىرادىسى ۋە تەپەككۇرىغا قارشى تۇرالايدىغان قالقان يوق.

ژ. ئامارو

ئىرادە ئادەم قىياپىتى بىلەن قوشۇلغان ھالدا ئىنساننى ئەمەلدا توغرا ئىپادىلەيدۇ.

ئا. ۋ. لۇناچارسكىي

ئىتائەتسىز ۋۇجۇدنى يېڭىشتە ئىرادىدىن كۈچلۈك ھېچنەرسە يوق.

ر. روللان



ئۆز ئۇستۇۋىدىن قازانغان غەلىبەڭ ئەڭ بۈيۈك غەلىبىدۇر.

پ. كالدىران

بەختسىزلىككە بەرداشلىق بېرىش ھەددىدىن ئارتۇق ئامەتكە بەرداشلىق بەرگەنچىلىك قىيىن ئەمەس؛ بەختسىزلىككە بەرداشلىق

بېرىش سىزنى چېنىقتۇرىدۇ، كېيىنكىسى بولسا بوشاشتۇرىدۇ.

س. سىگيور

تەقدىر ساڭا دۈشمەنلىك قىلغاندىكىگە قارىغاندا، ئۇ ساڭا كۆلۈپ باققاندا ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىلىشىڭ بىرقەدەر قىيىنغا چۈشىدۇ.

ف. لاروشفېك

كۈچلۈك ھاياتىي ھاياجانلار ئۇششاق ۋەھىمىلەردىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

ئو. بالزاك

ئۇششاق كۈلپەتلەر غەزىپىمىزنى قوزغايدۇ. چوڭلىرى بولسا ئەقلىمىزنى ئىزغا سالىدۇ. دەز كەتكەن قوڭغۇراقتىن تۇتۇق ئاۋاز چىقىدۇ. ئۇنى ئىككىگە بۆلسىڭىز — يەنە زىل ئاۋاز بېرىدۇ.

ژان پول

بەختسىزلىكلەر غايەت كاتتا پايدا كەلتۈرىدۇ، ئۇلار قەلبىنى يۇكسەلدۈرىدۇ، ئۆز كۆز ئالدىمىزدا ئۆزىمىزنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ.

ئا. ئى. گېرتسېن

بەختسىزلىك ئىنساننى بېيىتمىسىمۇ ئۇنىڭغا دانالىق بېغىشلايدۇ.

ژ. رېي

بەختسىزلىك ئادەمنى يۇمشىتىدۇ: شۇ چاغدا ئۇنىڭ تەبىئىتى سەزگۈر ۋە ئاددىي بولىدۇ ۋە ئادەتتىكىدەك، كۈندىلىك ھالەتتە تۇرغان، ئىنسان تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان نەرسىلەرنى چۈشىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ن. ۋ. گوگول

كىتابلاردىن ئالالمايدىغان دانىشمەنلىكنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە غەم ـ قايغۇدىن مىسقاللاپ يىغىپ ئېلىش بىزنىڭ قىسمىتىمىز.

ن. ۋ. گوگول

موھتاجلىق چاغلارنى ئۇنۇت، لېكىن ئۇلار ئۆگەتكەن ساۋاقنى ئەستىن چىقارما.

س. گېسنېر

خاراكتېر ئىنساننىڭ تۈپكى مەنىۋى ئالامەتلىرىنىڭ جەمئىيسى: ئىنساننىڭ ئىندىۋىدۇئال ماھىيىتى ۋە قىممىتىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى: ھەربىر كىشىنىڭ كىشىلىك قارىشى، پەزىلەت، ھېسسىيات، ئەقىل ـ ئىقتىدار، ئىرادە، ھەرىكەت جەھەتتىكى مۇقىملاشقان پوزىتسىيە سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دىن

مىللەت گەۋدىسىدە چۆكمە پىسخىك ئىللەت بولۇپ ساقلىنىپ تۇرغان خۇنۇك خاراكتېر كىر، داتلىرىنى تازىلاش مىللەتنى پاكلاشتۇرىدۇ، مىللىي ساغلام روھىيەتنى ئۇرغۇتىدۇ. مىللەتنىڭ

ھەربىر شەخس خاراكتېرى جەمئىيسى ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان مىللىي خاراكتېر يۈكسەكلىكىنى ئاشۇرىدۇ. خاراكتېرى گۈزەللىكىدە ئەۋزەللىككە ئېرىشكەن مىللەت ھايات رىقابەتلىرىدە غالىب مىللەتتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دىن

خاراكتېر گۈزەللىكى كونكرېت ئىندىۋىدۇئالنىڭ مەنىۋى گۈزەللىك سۈپىتى بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان مۇناسىۋىتىگە، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئۇنۇمىگە، ئائىلە ھاياتىغا، تۇرمۇش ئىستىقبالى قىسمەتلىرىگە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تۈسى ۋە سۈپىتىگە، بالىلار تەربىيىسىگە، ئىجتىمائىي ئابرۇي ۋە ھېسداشلىقىغا، زوق ۋە جامائەت ئەفكارىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ. ئۇ ماھىيەتتە شۇ شەخسنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دىن

خاراكتېر گۈزەللىكى پۈتۈنلەي تۇغما نەرسە ئەمەس. ئۇ قەدىمكى تېبىبىي ۋە پىسخىك تەلىماتتىكى «سەۋدا، سەپرا، بەلغەم، قان» دىن ئىبارەت تۆت خىل خىلىت سۈيۇقلۇقى ئاساسىدىكى ئىسسىق، سوغۇق، قۇرۇق ھۆل ۋە قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق، ھۆل سوغۇق مىجەز بىلەن مۇتلەق بېكىتىلگەن ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دىن



www.uyghurkitap.com

خاراكتېر —ئىنسان خاراكتېرى سۈپىتىدە شۇ شەخستىكى بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ جەمئىي بولۇش بىلەن بىللە يەنە شۇ شەخسكە جەمغىرلەنگەن بارلىق مەنىۋى قاتلاملار-نىڭمۇ يىغىندىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ بىر قېتىمدىلا شەكىللەنمىسىمۇ، تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دىن

خاراكتېر گۈزەللىكى مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ ئۇلى، خاراكتېر گۈزەللىكىنى مۇستەسنا قىلىپ مەنىۋى گۈزەللىكتىن سۆز ئاچ-قىلى بولمايدۇ، ئوخشاشلا مەنىۋى گۈزەللىك قاتلاملىرىنى يېتىش-تۈرمەي تۇرۇپ، خاراكتېر گۈزەللىكىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دىن

خاراكتېر گۈزەللىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي مەنىۋى كاتېگورىيە ۋە يادرو قەلب گۈزەللىكىدىن ئىبارەت. قەلب گۈزەل-لىكى ياخشىلىقنى مەركەز قىلغان ئەخلاقىي قاتلام بولۇپ، ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئىنسانىي ماھىيىتىنى، ئىنسانىي پەزىلەت سۈپەتلىرى-نى، ئۇنىڭ ئالىيجانابلىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دىن

ۋىجدان —بىر شەخسنىڭ باشقىلار بىلەن ياكى پۈتۈن جەم-ئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆز قەلبىنىڭ ۋە ئۆز ئىشلىرى-نىڭ پاكلىقى ۋە ھەققانىيلىقى ھەققىدىكى ئەخلاقىي بىلىش ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىدىن ئىبارەت. ۋىجداننىڭ ئاساسىي ئامىلى، ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىگە باھا بېرىش، ئۆز ـ ئۆزىنى نازارەت قىلىش، ئۆز ـ ئۆزىگە سودىيە، شاھىت ۋە ئەيىبلىگۈچى بولۇش، ۋىجدانىي جەھەتتىن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتالىقىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

ئۆز قەلبىدە باشقىلارغا ناھەق زىيان يەتكۈزىدىغان پىكىر ۋە ھېسسىيات بىلەن شۇغۇللانغان كىشى — ۋىجدانسىز، قارا كۆڭۈل كىشىدۇر. ۋىجدان، باشقىلار بەختىنى ئۆز پائالىيىتىنىڭ پرىنسىپى قىلغاندا تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

ئىپپەت —ئۆز غايىسى، ئۆز ۋىجدانىنى يوقاتماي، ساتماي، ئۇنىڭدا قەتئىي چىڭ تۇرغان، ئۇنىڭ پاكلىقىنى ساقلىغانلىقتا قارىتىلغان. بۇ نۇقتىدىن ئادەمنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋىجداندا، ۋىجداننىڭ ھاياتى ئىپپەتتە دېيىش مۇمكىن. ئىپپەت — سىياسىي، ئەخلاقىي، ئائىلىۋى بولىدۇ. ئادەتتە ۋىجدان ئاتالمىسىنى ئىپپەت ئاتالمىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشمۇ بولىدۇ. بۇلارنىڭ پەرقى: ئالدىنقىسى غايە، بىلىش ۋە ھېسسىياتتا ئىپادىلەنسە، كېيىنكىسى قەتئىيەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

شەرەپ ۋە نومۇس — كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋىجدانى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەش ياكى ئۆتىمەسلىكتىكى ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكاپات-

لىشى ( غۇرۇرلىنىشى) ۋە روھىي جازا، روھىي ئازابقا ئۇچرىشى بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاقىۋىتىگە بولغان قەلب باھاسى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

خاراكتېر —ئىنىدىۋىدۇئاللىقتىكى ھالقىلىق پسىخىك خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئۇ شۇ بىر شەخسنىڭ نامايانىدىسىدىن ئىبارەت. خاراكتېر —ھەركىمنىڭ ئۆزىگە خاس ياشاش پرىنسىپلىرى، پوزىتسىيە سىستېمىسى ۋە پائالىيەت شەكلىدىن ئىبارەت 3 ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ كومېدىك سىلىشتۇرمىسى» دىن

باشقىلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە كۆز يېشى قىلىۋاتقان كۆزدە بىردىنلا ئويغانغان شادلىق تەبەسسۇمىدىن ئارتۇقراق ئېستېتىك لەززەت بولمىسا كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بەدىئىي فىلىم» دىن

ئوچۇملىرىڭ چوڭ، كۆكسى ـ قارنىڭ چوڭ بولسۇن. ساخاۋەتنى تاپاۋەتتىن ئەلا بىل.



چېلەكلەپ، چېلەكلەپ تۆككىن. بېغىڭ ھەممىتىڭگە باقىدۇ.

قوشۇق بىلەن سۇ تۆكۈشنى مەزھەپ قىلغان ئادەمنىڭ سۇغىرىدىغىنى باغ ئەمەس، بەلكى بىر تەشتەك گۈل.

بىر تەشتەك گۈلدىن گۈل سەيلىسى قىلالمايمەن.

مەردلىك كۆكىرەر، نامەردلىك يۇگۇرەر، تۈكۈلەر...

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ئاسماننىڭ خادا تاشتىن پەرقى، ئۇنىڭ كەڭ كۆكسى ئۇپۇق. ئۇلۇغۋارلىقتا يارىشىدىغان تۇنجى خىسلەت — كەڭ قولluق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

بىر كىشىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى تەھلىل قىلىشتا فىزىئولوگىيە ۋە مىجەز جەھەتتىن ئۇدۇم بولۇپ قالىدىغان خاراكتېر ھەر بىر كىشىنىڭ خىمىرتۇرۇچى بولۇپ، بۇ ئاتا-ئانا تەربىيىسىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

پەقەت كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە ھەم ئىغىر-بېسىق كىشىلەرلا تۇرلۇك دولقۇنلارغا ئەگىشىپ كېتىپ قالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئېتىقادى يىمىرىلىش ۋە سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە، روھىدىكى تىنچلىقىمۇ ناھايىتى تېزلىكتە غايىب بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىدىن چىقىپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر ئوخشىمىغان مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن ۋۇجۇدىدا بىردىنلا ئويغىنىش بولۇپ، ئەمەلىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرى شەكسىز ئىشىنىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدە بىر يۇرۇش سەپسەتە، بىر مەيدان كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ چىقىدۇ.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

كەيپىيات بىزنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىشىمىزدىكى ھەرىكەت ئامىلىدۇر. كەيپىيات ئامىلى ئىچىدىكى ئەنسىرەش دەرىجىسى ئەڭ مۇھىمدۇر. بۇ يەردىكى ئەنسىرەش — ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرىنى ئىلگىگە ئالالايدىغان ـ ئالالمايدىغانلىقىنى بىلەلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان قورقۇنچ ياكى ئەندىشىلىك روھىي ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

كۇيل خاردىمان: «بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان 8 خىل ئىقتىدار» دىن

باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇش — شەرەپلىك ئىش. چۈنكى ئۇ سىزنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىڭىز ۋە قىممەت قارىشىڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىش ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، ياشلىق باھارىڭىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، ئۆزۈڭىزنىڭ خاراكتېرىنى ھەددىدىن زىيادە كۆز ـ كۆز قىلماي، ئابرۇي ـ ئىناۋىتىڭىزنى ئىزچىل ساقلاش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن



ئادەمدە ھېسسىيات بولغىنى ئۈچۈنلا، كەيپىياتى داۋالغۇپ تۇرىدۇ. بىراق، كەيپىياتقا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا ھەركىمنىڭ ئىپادىسى ھەرخىل بولىدۇ. بەزىلەر كەيپىياتىنى تىزگىنلەشكە ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، قورسىقىدىكىنى قەتئىي چاندۇرمايدۇ؛ بەزىلەر بالادەك ئىشقا يولۇقۇپ كەتسىمۇ، لېكىن خۇشاللىقى بىلەن خاپىلىقىنى چىرايىغا چىقارمايدۇ؛ يەنە بەزىلەر يىغلىغۇسى كەلسە

www.uyghurkitap.com

دەپ يىغلىيالايدۇ، كۈلگۈسى كەلسە دەپ كۈلەلەيدۇ، چېچىلغۇسى كەلسە دەپ چېچىلالايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرى چىرايىغا چىقىدىغان ئادەمنى باشقىلار ئاسان چۈشىنىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يىغانى ئۆرلەپ قالسا ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتماي چىقىرىۋېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھال پىسخىك ساغلاملىققا پايدىلىق.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئادەم ئۆز ئۆمرىدە كەيپىياتىنى تىزگىنلىمەي قويۇپ بېرىپ، ھەرەجىسىز ئۆتۈپ كېتەلىسە ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇنداق كىشىلىك ھاياتتىن ھېچقانداق ئارمان قالمىغان بولاتتى. بىراق، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلىدىغانغا بۇ دۇنيادا سەن يالغۇز ياشىمايسەن ـ دە! ھەممىنى مېنىڭ ئاغزىمغا قارا دەيدىغانغا، بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئادەم سەن ئۈچۈنلا تۆرەلگەن ئەمەس ـ تە! شۇڭا كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە كەسپىتىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى سىنىڭ خاھىشىڭ ۋە ئاچچىقىڭغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپ ھەل قىلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ. بىراۋنىڭ ساڭا قىلىۋاتقانلىرىنى كۆزۈڭگە سىغدۇرالماي «بولدى، ئىشلىمەيمەن!» دەپلا پېشىڭنى قېقىپ چىقىپ كەتسەڭ، مەسىلىنى ھەل قىلالمايسەن. چۈنكى كۆزۈڭگە سىغمىغان ئاشۇنداق ئىشلارغا باشقا يەردىمۇ يولۇقىسەن. بىراق، سىنىڭ خىزمەتتىن ئايرىلىپ قېلىشىڭ بىلەن باشقىلار-

نىڭ نېمە كارى؟

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئۆز كەيپىياتىنى تىزگىنلەش ئىنتايىن مۇھىم. بىراق كەيپىياتىمنى تىزگىنلەيمەن دەپ ئىپادىسىز بۇتتەك تۇرۇۋالساڭ، باشقىلار سېنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلىق ئادەمكەن، دەپ قالىدۇ. مۇھىمى، كەيپىياتىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىش بارا ـ بارا ئادىتىڭگە ئايلىنىپ قالسا، سېنىڭ كەسپىڭ ۋە كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭگە قىلچە پايدىسى يوق ھەتتا ساڭا بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا كەيپىياتىڭنى بولۇشىغا قويۇۋەتمەي لايىقىدا تىزگىنلەشنى ئۆگەن.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ئىچكى دۇنياسى زىددىيەتلىك بولمىغان ئادەمنىڭلا زېھنى ئۆتكۈر، كاللىسى سەگەك بولىدۇ. ئۇ شۇنىڭغا تايىنىپ مۇقەررەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

89

ئادەم شىرغا بىر قاراپلا ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بىلىۋالالايدۇ؛ قوينى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئىتائەتچان، ياۋاش خاراكتېرىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ. ئەمما، ئادەمگە قاراپ، ئۇنىڭ خاراكتېر ـ خۇسۇسىيىتىنى چۈشىنىش تولىمۇ قىيىن. ئومۇمەن، شىرنىڭ ھەممىسى رەھىمسىز، قوينىڭ ھەممىسى ياۋاش كېلىدۇ. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ خاراكتېر ـ مىجەزى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. چى-

داملىق، قەيسەر بۇركۇتلەردىن چىداملىق، قەيسەر ئەۋلاد قالىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلۇغۋار روھقا ئىگە ئادەمدىن ئۇلۇغۋار روھقا ئىگە ئەۋلاد قېلىشى ناتايىن، ئەرزىمەس ئادەمدىنمۇ ئەرزىمەس ئەۋلاد تۆرىلىشى ناتايىن. ھەربىر ئادەمدە ئوخشىمىغان چىراي، ئوخشىمىغان مىجەز ـ خاراكتېر بولىدۇ، ئەزەلدىن ئىككى ئادەمنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئوپئوخشاش بولغان ئەمەس، ئەقىللىق تەبىئەت بىزگە ئوخشىمىغان چىرايلارنى ئاتا قىلىپ، ھەربىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان، ئەركەك بىلەن چىشىنى ئايرىيالايدىغان، ياخشى ـ يامانىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتىن ۋە بىر ئادەمنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭنى باشقىلارنىڭ سۆيىقەستى دەپ خاتا يەكۈن چىقىرىشتىن ساقلىنالايدىغان ئىقتىدارغا ئېرىشتۈرگەن.

تالاي ئادەملەر نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھايۋانات ۋە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەمنىڭ خاراكتېر ـ خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە مۇھىم بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ھايات ـ ماماتىمىزغا بېرىپ چېتىلىدۇ. دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ھەممىلا ئادەمنى ھەقىقىي ئادەم دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، بىكار تەلەپ دانالار، بىخۇد بوۋاي ـ مومايلار، ئەخلاقسىز ياشلار، نومۇسسىز ئاياللار، رەھىمسىز

بايلار، ئەدەپسىز نامراتلار، قۇرۇق سۆلەت بايۋەچچىلەر، قانۇن - ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلمايدىغانلار، ئىنسان تەبىئىتى يوقلار، ساختا مۆتىۋەرلەرگە ئوخشاش قورقۇنچلۇق غەلىتە مەخلۇقلار، بىزنىڭ چوڭ - كىچىك شەھەر - بازارلىرىمىزنىڭ جىمى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا.

سوقرات: «خۇلقنامە» دىن

كەسىپتىكى پەزىلەتنىڭ كىشىلىك پەزىلەتتىن ھالقىپ كەتمىسۇن. كەسىپتىكى ئورنۇڭ قانچىلىك يۇقىرى بولسا بولسۇن، كىشىلىك پەزىلەتتىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئادەمنىڭ كەسپىي ئورنى قانچە يۇقىرىلىغانسېرى ئۇنىڭ ئىستېداتىمۇ شۇنچە زورىيىدۇ. كۆڭلى - كۆكسى تار ئادەملەر مەسئۇلىيەت ۋە ئىناۋىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ئاسانلا چۈشكۈنلىشىپ، ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قالىدۇ. ئۇلۇغ ئاۋگۇستىن ئۆزىنىڭ مەشھۇر خاقان بولغىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى پۈتۈنسۇرۇك بىر ئەركەك بولغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەنىكەن، ئالىيجاناب قەلب ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇننى بايقاشتا مۇستەھكەم ئىشەنچنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

بالتاسار گراسىئەن: «ھېكمەتنامە» دىن



بۇ ئەڭ ئېغىر، شۇنداقلا ئاسان يۈز بېرىدىغان سەۋەنلىك مالنىڭ باھاسىدا ئالدىنىپ قالساڭ مەيلىكى، سۈپىتىدە ئالدىنىپ قالما. بولۇپمۇ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قارشى تەرەپنىڭ ئىچ - باغرىنى تولۇق كۆرۈپ يەتمىكىڭ تېخىمۇ زۆرۈر. ئادەمنى تونۇش بىلەن مالنى تونۇش ئوخشىمايدۇ. باشقىلارنىڭ تۇيغۇسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى پەرق-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ سېھىرلىك ئادرېسى

لەندۇرۇۋېلىشىنىڭ ئۆزىلا بىرخىل چوڭقۇر پەلسەپىدۇر، سەن باش-قىلارنى خۇددى كىتابقا ئوخشاش قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىپ تۇ-رۇشۇڭ كېرەك.

بالتاسار گراسئان: «ھېكمەتنامە» دىن

بىز ئادەتتە باشقىلارنى ماختىغاندا، كۆپىنچە ئۇلارنىڭ خاراك-تېرىنى ئەمەس، بەلكى ئەقىل ـ تالانتىنى تىلغا ئالىمىز. لېكىن، بىر ئادەم ئۆز ئەقلى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەن، خاراكتېر بىلەن قىزىقىشىنىڭ ھەمكارلىقىغا تايانمىسا بولمايدۇ، ناۋادا ئۇنىڭدا ياخشى خاراكتېر بولۇپ، ئەقىل كەمچىل بولسا، كۆزلىگەن نىشانغا يەتمىكى تەس.

بالتاسار گراسئان: «ھېكمەتنامە» دىن

خاراكتېر بىلەن ئەقىل روھىيەتنىڭ جەۋھىرى ۋە كۆركىدۇر، شۇنداقتىمۇ ئەقىلنى مۇكەممەللىك دۇنياسىنىڭ تاجى دېيىشكە بولىدۇ. ئادەم ئەسلىدىنلا بىر كىچىك دۇنيا، روھىيەت بولسا ئۇنىڭ ئاسمىنى. ئەقىل ئاشۇ كىچىك دۇنياغا مەنسۇپ بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ خىسلىتى قۇياش بىلەن ئوخشاش. قۇياش ئىلاھى ئاپوللونىڭ چېچەنلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق سۈپىتى بىلەن تەرىپلىنىشىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر. ئەقىل قانچىكى نۇرلانسا، ھاياتمۇ شۇنچە نۇرلى-نىدۇ. كىشىلىك پەزىلىتىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە بولۇشى ئە-قىلگە قانچىلىك مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا باغلىقتۇر.

بالتاسار گراسئان: «ھېكمەتنامە» دىن

**كىتاب ئىسمى :** خاراكتېر ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئەركىن مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېس :** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى :** 830000
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**فورماتى :** 880mm×1230mm 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى :** 5 باسما تاۋاق
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—80744—367—4
**باھاسى :** 12.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )